سىدىق ھاجى روزى

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ

# كۈندىلىك خاتىرىلىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

سىدىق ھاجى روزى

# مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2009 ـ يىل 10 ـ ئاي ئىستانبۇل

Yenidoğan Mh 50/3 Sok No: 11 /2
Zeytinburnu/İstanbul
Tel& Fax: (+90) 212 ـ 6642639

Baskı-Cil
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad. No:14/2
Topkapi-İstanbul
Tel:0(212)-493 11 06
Fax:0(212)-4931107

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز..............................................11
1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ....................13
1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ...................15
1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ...................17
1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ....................19
1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ...................22
1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ...................24
1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ...................25
1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.................29
1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى.................31
1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ....................33
1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ...................34
1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ...................37
1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ....................39
چوڭ دۆلەتلەر ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى..........40
چوڭ دۆلەتلەر ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ ئۆتمۈشى ..........44
يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن ئاسىيا تىنچ
ئوكيان رايونىغا يۆتكىلىشى ......................................46
1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ...................67
1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ....................70

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ..................72
1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ..................75
1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ....................77
1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى..................80
1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ..................82
پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ جۇڭگو زىيارىتى.................90
جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ...................................94
2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ..................103
2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ..................105
2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ..................107
2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ..................109
2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ....................111
2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ..................112
2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ....................114
2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ..................116
2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ..................119
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ..................121
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ..................123
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى..................125
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى..................126
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى..................131
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى..................133

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى..................137
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى..................138
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى..................140
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى..................143
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى..................145
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى..................148
2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى..................151
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ..................153
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ..................154
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ..................156
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ..................157
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ..................159
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى..................161
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى..................162
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى..................163
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى..................166
2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى..................168
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ..................170
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ..................171
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ..................173
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى..................175
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى..................177

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى..................179
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى..................183
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى..................184
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى..................186
2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى..................189
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ....................193
2002ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.....................195
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ....................199
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ..................201
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ..................202
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ..................204
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ..................205
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ..................208
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ..................210
2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ....................212
2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ..................214
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ..................216
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ..................217
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ..................218
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ..................219
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ..................220
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ..................221

جۇڭگودا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈرستى پىشىپ يېتىلدى .....224
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ....................227
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ....................229
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ....................230
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ....................231
2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ....................233
2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ....................237
2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ....................238
2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى .....................240
2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ......................242
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ......................244
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ....................245
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ....................246
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ....................249
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ....................251
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ....................252
2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ....................256
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ......................259
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ....................261
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ....................266
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ...................268
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ....................270

2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ...................272
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ...................274
2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ...................275
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ...................277
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ...................280
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ...................282
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى...................284
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى...................286
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى...................289
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ...................291
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى .................293
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى...................295
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى...................298
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى...................300
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى...................303
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى...................305
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى...................307
2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى .....................310
2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ...................312
2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ...................314
2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ...................315
2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى .....................317

2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ......................319
2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ....................320
2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى......................322
2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ....................324
2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ....................326
2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ....................328
2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ....................331
2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ....................333
2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ....................335
2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ......................337
2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ....................339
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ....................341
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ....................342
2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى...................344
2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى...................346
2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى...................348
2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى...................353
2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى...................355
2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ...................357
2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ...................359
2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ....................362
2004 ـ يىلى 5 ـ ئايىنىڭ 22 ـ كۈنى ...................364

2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ....................365
2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى .....................367
2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ....................370
2004 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ....................372
2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ....................374
2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ....................376
2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ....................377
2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ....................378

# كىرىش سۆز

هۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم!

قولىڭىزدىكى «مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى» ماۋزۇلۇق كىتاب، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدا، بولۇپمۇ نيۇ- يورك شەھىرىدە خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان («دۇنيا گېزىتى» هازىر بۇ گېزىت خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى، ئەمدى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تولۇق خەۋەر تارقاتمايدۇ) گېزىتتە ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەر، ماقالىلەر ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان، پاكىتلىرى ئىنتايىن ئېنىق ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىقىلدى. بىر قىسىم ماتېرىياللارنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم. ئۇيقۇسىز كېچىلەردە، يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدە تۆرمىدىكى رابىيەم خېنىمنى ئەسلەپ ئازابلانغان دەقىقىلەردە يىغىپ قويغان گېزىتلەردىكى كۆڭۈللۈك خەۋەرلەرنى ئوقۇپ ئېزىلىپ تۇرغان كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپاتتىم، ياكى ئۇخلاپ قالاتتىم ياكى ماتېرىياللارنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. نەتىجىدە، شۇ ماتېرىياللىرىم گېزىتلەر قاتارىدا تاشلىنىپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا سىياسىي سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ باشلىقى تەيلېسىر ئەپەندىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا سۆزلىگەن سۆزلىرى ئېلان قىلىنغان بىر بەتلىك گېزىتنى يوقىتىپ قويدۇم.

بۇ كىتابتا تەييارلىغان ماتېرىياللارنى رەتلىگەندە خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلدىم. ئۇ چاغلاردا تېخى رادىئو ئېچىلمىغان ئىدى. شۇڭا بۇ خەۋەرلەردىن مۇتلەق كۆپ ۋەتەنداشلىرىمنىڭ خەۋەردار بولالمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماتېرىياللارنى رەتلەپ كىتاب

شەكلىدە نەشر قىلىپ، ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنماقچى بولدۇم. كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىك، تولۇق بولمىغان جايلىرى بولسا، شۇ خەۋەرلەردىن ماقالىلەردىن، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ماتېرىياللارنى رەتلەپ كەلگۈسىدە كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشىغا ئىمانىم كامىل، خۇش ۋاخ بولۇڭلار ۋەتەنداشلىرىم.

2008 ــ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى ۋاشىنگتون

# 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۇيغۇرىستاننىڭ قەھرىمان ئۆلكىسى ـ ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھرىدە زور كۆلەملىك نامايىش پارتلاپ، ئۇيغۇر نامايىشچىلار پلاكات كۆتۈرۈپ كوچىلارغا چىقىپ، مۇستەقىللىق ياكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇر نامايىشچىلار جاھاننىڭ ۋەزىيىتىگە، زۇلۇم ۋە مىللىي خورلۇققا نامايىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. شۇ ئەسنادا ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئۇيغۇر نامايىشچىلار نامايىش ئارقىلىق 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چاقىرىلغان خەلقئارا «يالتا يىغىنى»نى ۋە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چاقىرىلغان «موسكۋا يىغىنى»نى ئىنكار قىلدى. ئۇيغۇرلار 1944 ـ يىلى قۇرغان دۆلەت يۇقىرىقى يىغىنلاردا خىتايغا سېتىلغان ئىدى. سېتىلمايمىز، دېدى ئۇيغۇرلار! ئۇيغۇرلار نامايىش ئارقىلىق ھەرقانداق مىللەت، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا سېتىش ھەق، ھوقۇقى يوق دېگەندەك، ئۇيغۇرلار نامايىش ئارقىلىق سىياسىي ئارزۇلىرىنى، ھوقۇق ئىرادىسىنى، بىر مىللەتنىڭ قانداق ياشاش ھوقۇقلىرىنى نامايان قىلدى.

چىداپ تۇرالمىغان خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتى ساقچى ۋە ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ ھەتتا خىتاينىڭ لەنجۇ ئۆلكىسىدىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئۇيغۇر خەلقىنى باستۇردى. ئىشتىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى

خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مىللىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئەيىبلەپ بايانات ئېلان قىلغان بولدى. بۇ نامايىش ئۇيغۇر ئازادلىقىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، بۇ نامايىش ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ بارىن قوراللىق ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئېغىر... قەدەملىرىنى ئوڭۇشلۇق باستى.

## 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى موخبىرىنىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىستاندا ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىتىش، ھۇجۇم قىلىش ۋە مىللىي توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىدىغان كەيپىيات تېخىمۇ ئومۇملاشتى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. «شىنجاڭ» دائىرىلىرى بومبا قويۇپ پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلغان ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن «شىنجاڭ» قارىماققا جىمجىتلىق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىر خىتاي خوتۇن:

ــ بىز ھېچكىمدىن قورقمايمىز، چۈنكى ھۆكۈمەت ھەربىر ئاپتوبۇسقا بىردىن ساقچى ئورۇنلاشتۇردى، ـ دېدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقى كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشكەن، كۈنسايىن چوڭقۇرلاشقان ۋە كۈنسايىن كۈچەيگەن. ئۇلار يەنى ئۇيغۇرلار پارتلىتىش ۋەقەلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش، ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى ئۈنتۈپ كېتەلمىگەن. بىر ئۇيغۇر ياش: پارتلىتىش يۈز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ساقچىلارنىڭ بۇ يىگىتنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى 10 سائەت قاماپ قويۇپ سوراق قىلغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئەۋج ئالغان جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ ئۇيغۇر ياش يەنە:

— ئۆزىدىن باشقا نۇرغۇن ۋەتەنداشلىرىنىڭ شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا يەنىلا ئەنسىرەپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى: ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار كىچىكىدىنلا خىتاي مىللىتىگە ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئىچىدە تەربىيىلىنىدىكەن، ئۇيغۇرلار، خىتايلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇمايدىكەن، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ھەپتىدە بىرنەچچە سائەتلا خىتاي تىلى ئۆتۈلىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار تەدرىجىي خىتايدىن يىراقلىشىدىكەن. بىر مال ساتقۇچى ئۇيغۇر:

— ئاغزىمىزدا ھەممە نەرسە ياخشى بولۇپ كەتتى، دەپ سۆزلەپ يۈرسەكمۇ، لېكىن كۆڭلىمىزدە تەڭسىزلىكتىن ئاغرىنىمىز، دېدى. بۇ خۇددى شاڭگاڭلىق جۇڭگونىڭ قويىنىغا قايتىپ كېلىشكە خوش بولسىمۇ كۆڭلىدە باشقا نەرسىنى ئويلىغاندەك بىر ئىش بولسا كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

# 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ ئالاھىدە خەۋىرى:

شاڭگاڭ ئۇيغۇرىستانغا (شىنجاڭ) زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق، دېدى: (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا) ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار شاڭگاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتايغا قارشى ھەرىكەتنى كۈچەيتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئۈرۈمچىدە ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى تارقاتقان تەشۋىق ۋەرەقىلەردە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئىگىلەپ ئالغانلىقى ئەيىبلىنىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن خىتايلارنىڭ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستاندىن) چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىندى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى يېقىندىن بېرى ئۇيغۇرىستاندا زور بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئېتىپ تاشلىدى، ئېتىپ تاشلانغانلار ئىلى ئۆلكىسىدە توپىلاڭ پىلانلىدى، بېيجىڭدا ئاپتوبۇس پارتلاتتى، دەپ ئەيىبلەندى. شۇڭا خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىگە قاراتقان باستۇرۇشنى كۈچەيتتى.

خىتايلار 50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستاندا 2%گە يەتمەيتتى، ھازىر 40% گە كۆپىيىپ 16 مىليون ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نوپۇسىنىڭ 6 مىليوننى ئىگىلىدى. خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىچى قوشۇنى تۈركۈملەپ ئۇيغۇرىستانغا (شىنجاڭ) كۆچمەكتە. كۆچمەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خىتايلاشتۇرغاندىن باشقا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە يۇقىرى ئورۇننى، چوڭ ھوقۇقنى خىتايلار ئىگىلەپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ)

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۈنسايىن ئۆرلىشى، سوۋېتلار ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن مۇستەقىل بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدۇر. خىتايلار ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىتايلارنىڭ بىرنەچچە يۈز قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنى ئۇيغۇرىستاندا سىناق قىلىشى زور دەرىجىدە رادىئاكتىپلىق بۇلغىنىشنى پەيدا قىلدى. شاڭگاڭ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ زور دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان رايونغا ئايلىنىدۇ. شاڭگاڭ ئاھالىسى خىتاي بولغانلىقتىن ۋە بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ۋە ئىرقى جەھەتتە خىتايلارغا ئوخشاشمايدۇ. بىراق، ئۇيغۇرىستان بارغانسېرى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىماقتا. خىتاي كوممۇنىستلىرى 6 ئايغا يېقىن زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئىسلامىي فوندىمېنتالىزمچىلارنىڭ تېررورىست تەشكىلاتلىرى «ئالla پارتىيىسى» قاتارلىق مەخپىي تەشكىلاتلار ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) قۇرۇلدى. ھەرىكەتلىنىش دەرىجىسى تېخى بىرىگە ئېنىق ئەمەس.

شاڭگاڭ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگوغا قايتىپ كەلسە، بۇ دېمەك، جۇڭگونى پارچىلاشنىڭ تۇنجى باسقۇچى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 6 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئەنگلىيىنىڭ خىتايشۇناس مۇتەخەسسىسى دىلۇن ئەپەندى، بۈگۈن بېيجىڭدا، ئەنگلىيىنىڭ بېيجىڭدىكى سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە:

ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇقىمسىز، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭگاڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغايمىز، دېيىشىۋاتىدۇ، دېدى.

بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان دىلۇن ئەپەندى: شىنجاڭدا ناھايىتى زور تۇپىلاڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلغان. ئۇ: تىبەت مەسىلىسى جۇڭگودا ئەڭ مۇھىم بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى ئىدى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ناھايىتى ئاز قىسىم كىشىلەر تىلغا ئالاتتى. لېكىن بىز، شىنجاڭدا (ئۇيغۇرىستاندا) كەلگۈسىدە زور كۆلەملىك مىللىي داۋالغۇش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق، دېدى. ئۇ: 1979 ـ يىلى ئىقتىسادى ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاندا بىرقانچە قېتىم ئىجتىمائىي داۋالغۇش يۈز بەردى. ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇقىمسىز، دېدى. دىلۇن ئەپەندى مۇنداق دېدى:

ــ مەن ئېرىشكەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكەن ھەپتە تارقىتىلغان تەشۋىق ۋەرەقىلەردە، 7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى شاڭگاڭ جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، خىتايلارنىڭ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستاندىن) چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىندى. خىتايلار شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) دىن ئايرىلمايدىكەن ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرايدۇ، دېيىلدى، دېدى.

ــ تەشۋىق ۋەرەقىلەردە خىتايچە قويۇلغان «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇرىستان، دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار قويغان ئىسىمدۇر.

ئۇ: ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) تېخىمۇ كۆپ پارتلىتىش، ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرلىك مىللىي داۋالغۇش يۈز بېرىدۇ، پارتلىتىش ۋە تېررورچىلىق تەشكىللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ، دېدى.

ئۇ: بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى، ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى باستۇرۇشى، ئۇيغۇرىستاندا داۋالغۇش پەيدا بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر، ـ دەپ كۆرسەتتى.

بۇ ئالىم مۇنداق كۆرسەتتى: ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭدا) يېقىنقى يىللاردا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كونا شەكىللىك ئۇرۇقداشلىقنى ئاساس قىلغان كەيپىيات، تۇرمۇش شەكلى ئەمدى كۆلەمسىز مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ ئىسلام دىنىنى يېتەكچى قىلغان يۈزلىنىش مىسلىسىز دەرىجىدە كۈنسايىن تەرەققىي قىلدى.

ئالىم دىلۇن ئەپەندى يەنە ئوخشاشلا مۇنداق كۆرسەتتى: بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئىتتىپاقسىز ئىكەن، دىنى ۋە دىنى مەزھەپلەر تۈپەيلى، تىلغا ئالغۇدەك سەۋىيىدىن يىراق سىياسىي قاراشلار تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرىستاندا بىرقانچە قېتىم ئەڭ ئېغىر مىللىي داۋالغۇش ۋە پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئۆتكەن ھەپتە سەككىز نەپەر ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتلىتىشقا قاتناشقان، دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

## 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

شاڭگاڭ جۇڭگونىڭ قويىنىغا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ ساداسى ياڭرىدى.

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى شۈي گويىڭنىڭ سان فرانسىسكودىن بەرگەن خەۋىرى:

شاڭگاڭنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ جۇڭگونىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىگە دۇنيا دىققەت قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ئۇزۇندىن بېرى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستاننىڭ ساداسى ياڭراشقا باشلىدى. دىن ئېتىقاد ۋە سىياسىي ئىشلار تۈپەيلى قولغا ئېلىنغان مەهبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تىبەتكە ئوخشاش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىلچىلەر تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ بېك مۇخلىس شۇ كۈنى پىرېزىدېنت كىلىنتونغا يازغان بىر پارچە خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارىلىدى. خەتتە: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، كاۋكاز ئىرقىغا مەنسۇپ ئاق تەنلىك، تىلى خىتاي تىلىغا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا هۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن 1962 ـ يىلى 300 مىڭ ئۇيغۇر ئاهالىسى قوشنا دۆلەتلەرگە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى» دېيىلگەن.

ئۇ يەنە خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «خىتاي كوممۇنىستلار هۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسىنى ئاتوم سىناقلىرى ئېلىپ

بارىدىغان سىناق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئاتومنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن قانچىلىغان ئۆسمۈرلەر، قانچىلىغان كىشىلەر غەلىتە تۆرەلمىگە، جىسمانىي مەجرۇھلارغا ئايلاندى، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ».

ئۇ يەنە پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازغانلىقىنى تىلغا ئالدى. پرېزىدېنت كىلىنتون، يۈسۈپ بېك مۇخلىسقا يازغان جاۋاب خېتىدە: ئامېرىكا خەلقى خۇددى تىبەت خەلقىنى قوللىغاندەك، ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەردە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

(شىنجاڭ) دائىرىلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشنى كۈچەيتتى. دائىرىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قاتتىق بولدى، ئەقەللىي ئەركىنلىك بېرىشنىمۇ رەت قىلدى.

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

بۈگۈن بېيجىڭدا قولىمىزغا چۈشكەن «شىنجاڭ گېزىتى»دە، شىنجاڭ دائىرىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: شىنجاڭ رايونىدا مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن قارشىلىشىش ھەرىكىتى كۈچەيتىلدى، دېيىلگەن. بۇ رايوندا مۇستەقىللىقنى مەقسەت قىلغان تەشكىلاتلار ۋە ئىسلامى فوندىمىنتالزمچىلار جانلىنىپ كەتكەن.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلدۇ: خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لىچۈەن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت: مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئىسلامىي فوندىمىنتالزمچىلار دەل جانلىق ھەرىكەت قىلىش باسقۇچىدا تۇرىدۇ، دېگەن. ئۇلار ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئايرىم زاتلار بىلەن كۆرۈشكەندە: بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن قارشىلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

# 1997 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى:

ئامېرىكىنىڭ هاۋا قىسىملىرى 14 ــ كۈنى قازاقىستاندا هاۋادىن دىسانىت تاشلاش مەشىقى ئېلىپ باردى، رۇسىيە، تۈركىيە ۋە يېڭىلا مۇستەقىل بولغان بەش جۇمهۇرىيەتنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچرىشىپ ئامېرىكا 6 كۈنلۈك هەربىي مانېۋىرنى ئوتتۇرا ئاسىيادا باشلىۋەتتى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلىدىغان سەككىز دۆلەتنىڭ بىرلەشمە هەربىي مانېۋىرىغا 2500 نەپەر ئەسكەر قاتناشتى. بۇ هەربىي مانېۋىر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئالتە يىل مابەينىدە ئامېرىكا ۋە يېڭىلا مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قول تۇتۇشۇپ ئېلىپ بارغان هەربىي مانېۋىر بولۇپ قالدى، بەلكى ئامېرىكىنىڭ هەربىي ئىشلار تارىخىدا ئەڭ يىراق مۇساپىدىن كېلىپ ئېلىپ بارغان هەربىي مانېۋىر بولۇپ قالدى.

«ئوتتۇرا ئاسىيا بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان هەربىي مانېۋىرغا ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كارولىنا شتاتىدا تۇرۇشلۇق «82 ــ هاۋا قىسىملىرى دىۋىزىيىسى» 500 نەپەر پاراشوتچى ئەسكەر ئەۋەتتى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئۈچ مۇستەقىل دۆلەتتىن 500 نەپەر ئەسكەر تەشكىللىنىپ «ئوتتۇرا ئاسىيا بىرىگادىسى»نىڭ تارماق ئەترىتى بولۇپ، بۇ قېتىمقى مانېۋىرغا قاتناشتى. رۇسىيە، تۈركىيە، گىروزىيە ۋە لاتۋىيە دۆلەتلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ جەمئىي 400 نەپەر ئەسكەر بۇ قېتىمقى هەربىي مانېۋىرغا قاتناشتى.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي مانېۋىرىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا توختالغاندا: بۇ قېتىمقى ھەرىكەت تىنچلىق ساقلاش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىش ئىشلىرىنى مەشىق قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنتايىن مول نېفىت بايلىقى ۋە كان بايلىقى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن تالاش ــ تارتىشقا ئوبيېكتىپ بولغان بۇ رايونغا ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى يىراقتىن تۇنجى قېتىم ئەسكىرى قىسىملارنى ئەۋەتىپ ھەربىي مانېۋىر قىلىشى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن قوزغالغان يېڭى دۇنيا ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكى بولۇپ قالدى.

پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا نېفىت زاپىسى 2 مىليارد بارېلدىن ئارتۇق ئىكەن. بۇ رايوندا ئىنتايىن مول تەبىئىي گاز زاپىسى ساقلانغان بولۇپ، تەبىئىي بايلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچ دۆلەت كەلگۈسىدە ئېنېرگىيە قېزىپ چىقارغاندا تاشقىرىغا ئېكسپورت قىلىدىغان ئىشەنچلىك يول ئىزدەيتتى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتكە قوشنا بولغان تاجىكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر نۆۋەتتە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئەسلىدە تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىدىن پەيدا بولغان يوشۇرۇن ئاپەت بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان ئامىل بولۇپ قالدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ غەرەزلىرىگە كۆلەڭگە پەيدا قىلغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى، ئەمەلىي كۈچىنى كۆرسىتىپ قويغانلىقى بولۇپ، بولۇپمۇ يېقىن ئەتراپتىكى جۇڭگو ھەمدە مانېۋىرغا

قاتناشقان رۇسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئامېرىكا مانېۋىر ئارقىلىق بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا يامان غەرەزدە بولماسلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەزەربەيجاننىڭ مۇقىملىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيىسىنى تاشقىرى دۇنياغا ئېكسپورت قىلىشتا يېڭى يول ئىزدەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىدى. ئەزەربەيجاننىڭ پرېزىدېنتى 8 ـ ئايدا ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ ۋەقەلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا، يېڭى ۋەزىيەتكە ئامېرىكىنىڭ قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئورۇنۇشلىرى توغرىسىدا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى يېلتسىن: ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەزەربەيجانى تەسىر دائىرىگە ئالدىغانلىقىنى جاكارلىدى، رۇسىيىنىڭ مەنپەئىتى بۇ رايوندا ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ گېنېرالى بۇ ئىندېر ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇنقى قىسقا باياناتىدا: ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشنا ئىراق، ئىران، جۇڭگو قۇرۇقلۇقى، كەشمىر ۋە ئەزەربەيجان بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋىر ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنى قوللىشى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى، دەپ قارايدىغان بولسا بىز بۇنداق كۆزقاراشنى توسۇپ قالالمايمىز، دېگەن ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ (شىنجاڭ) مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندىكى سېكرېتارى ۋاڭ لې چۇەن: مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە

ئەقەللىي ئەركىنلىكمۇ بەرمەيمىز، شۇنداقلا پائالىيەتلەرنى چەكلىشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە بىلەن قارشىلىشىشىنى چەكلىشىمىز كېرەك، دېگەن. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار بىلەن كۆچمەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي توقۇنۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملاشماقتا.

# 1997 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 28 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

بۇ يىل 3 ــ ئايدا جۇڭگونى ۋە چەت ئەللەرنى لەرزىگە سالغان ئاپتوبۇس پارتلاش ۋەقەسى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن. بۈگۈن بۇ دېلو پاش بولدى. «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى»نىڭ 27 ــ كۈنى خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دېلونى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەيدا قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئىككى نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچى يېقىنقى كۈنلەردە بېيجىڭ تەيفىڭ جۇۋاڭ رايونىنىڭ ئەتراپىدا ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. دېلوغا چېتىشلىق (شىنجاڭ) لىق ئىككى نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنىڭ بىرى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشى ئاپتوبۇس پارتلىتىش ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلغۇچى، دەپ گۇمانلاندى، يەنە بىرى مەنسۇر ئىسىملىك بىر كىشى پارتلاتقۇچ بومبىنى ياسىغۇچى، دەپ گۇمانلاندى. خەۋەردە، ئىككى نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنىڭ چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن چېتىشلىقى بار ــ يوقلۇقى ۋە دېلونىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى تىلغا ئېلىنمىغان.

بۇ يىل 3 ــ ئايدا كېچىدە بېيجىڭ شەھىرى 22 ــ يولنىڭ ئاپتوبۇسى، بۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى شىدەن سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە پارتلاپ 10 يولۇچى يارىلانغان، قول بىلەن ياسالغان بومبا يولۇچىلار ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن.

ۋەقەدىن كېيىن شتابى تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلىرى تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى: پارتلاش ۋەقەسى، بۇ ــ

تەشكىلاتىنىڭ بىر قاتار زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوراللىق باستۇرۇشىدىن ئۆچ ئېلىش بۇ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز، دېگەن. لېكىن، خىتاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ۋەقەدىن كېيىن، بۇ قېتىمقى پارتلىتىش جەمئىيەت ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بېرىپ چېتىلمايدۇ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچىلارنىڭ نارازىلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتسىز، دېگەن.

پارتلاش ۋەقەسىنىڭ دىڭ شياۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىشى، سىياسىي كېڭەش ۋە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ دەل بېيجىڭدا يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىشى، پارتلاش ئورنىنىڭ يىغىن زالىغا يېقىن بولۇشى ۋەقەدىن كېيىن كوممۇنىست دائىرىلەرنى چۆچۈتۈۋەتكەن ئىدى.

# 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 17 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

شاڭگاڭ «يۈزلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە: جۇڭگونىڭ شەنشى ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق 28 ـ ئارمىيىنىڭ شتابىدا 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىنتايىن زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 50 تىن ئارتۇق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر ئۆلگەن. ھەربىي تەرەپ، بېيجىڭ ھەربىي رايونى قوغداش قىسىملىرى گازارمىسىدا تۆت نەپەر ئەسكەرنى قولغا ئالدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقە بىر قېتىملىق ئىنتايىن ئېغىر سىياسىي ۋەقە ئىكەن.

يېڭىلا نەشىردىن چىققان «يۈزلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە: 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 28 ـ ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر جەڭچىلىرى شەرقىي بىنادا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەۋەتكە دەم ئېلىشقا چىققان. بۇ چاغدا ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىنو قويۇش زالىدا تۇيۇقسىز پارتلاش يۈز بەرگەن. ئوت يالقۇنلاپ 3 ـ 4 ـ قەۋەتلەر پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگەشكەن. ھەربىي تەرەپ بۇ ۋەقەدىن 80 نەپەر ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە ياردار بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. باشقا بىر خەۋەرلەرگە قارىغاندا: ۋەقەدە 50 نەپەر ئەسكەر ۋە ئوفىتسېر ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا مۇدىرى ۋە سىياسىي كومىسسارلارمۇ بار، دېيىلگەن. پارتلاش ۋەقەسىنىڭ دەل ئەسكەرلەر بۇ بىناغا توپلىنىدىغان ۋاقىتقا توغرىلانغانلىقى بۇ ھەرىكەتنىڭ پىلانلىق تېررورلۇق ۋەقە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېيىلدى.

خەۋەردە: بېيجىڭ ھەربىي رايونى قوغداش بۆلۈمى نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلىنىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان تۆت نەپەر ئەسكەرنى قولغا ئالغان. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يەنە: 28 ـ ئارمىيىدە 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ بارلىقى، بەلكى ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلاش باھانىسىدە ھەربىي لاگېرغا كىرىپ ۋەقە سادىر قىلىش مۇمكىنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنىدى، دېيىلدى.

# 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى: شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) دائىرىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى: شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى دەل مىللىي بۆلگۈنچى ۋە چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارنىڭ ھەمدە ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

«شىنجاڭ گېزىتى» بۈگۈن: سېكرېتار ۋاڭ لېچۈەن ئۆلكە دەرىجىلىك بىخەتەرلىك يىغىنىدا: ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ: مىللىي بۆلگۈنچىلەر چەت ئەل دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، پىلانلىق، تەشكىللىك ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا، دېگەندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بولغان كۈرەشنىڭ مۇشەققەتلىك، جاپالىق مۇرەككەپ كۈرەش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

يەنە بىر خەۋەردە: شۇ كۈنى 16 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە نەپەر ئۇيغۇر، 13 كۆچمەن خىتاينى ئۆلتۈردى، دەپ قارىلاندى، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى: «شاڭگاڭ جەنۇب سەھرى گېزىتى»نىڭ 13 ـ كۈنى خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى: ئامېرىكىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ غەربنى ئېچىش توغرىسىدا قەسەم بەرگەن. گېزىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇ يېڭى خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن بۇرۇن سەل قارالغان غەربىي يۇرت ــ شىنجاڭنى، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننى ئېچىشنى تېزلىتىدىكەن.

ئىچكى ئىشلاردىن خەۋەردار كىشلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇرۇڭجى مەخپىي ئىچكى يىغىندا، ئۆتمۈشتىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېتىبار بېرىپ، غەربنى ئېچىشقا سەل قارىغانلىقىنى تەنقىدلەپ، بۇنىڭدىن كېيىن، مەبلەغ ۋە بايلىقنى غەربكە ــ شىنجاڭغا يۆتكەش سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا جۇرۇڭجى: دۆلىتىمىز ئامېرىكىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كالىفورنىيە ۋە باشقا غەربىي شتاتلارنى ئېچىش تارىخى تەجرىبىسىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، دېگەن. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ غەربكە يۆتكەشكە ۋەدە بەرگەن.

نۆۋەتتە خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ سىياسىي بىروسىدا شىنجاڭدىن كەلگەن كادىرلار يوق، ئىكەن. جۇرۇڭجى: شىنجاڭنى تېزلىك بىلەن ئېچىش، ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىلارغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىش ۋە

ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈشىگە ئىلھام بېرىش، كېرەك، دېگەن. لېكىن، ئۇ بۇ ھەرىكەتنى قوللىنىشتىن ئاۋۋال ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. جۇرۇڭجى ئالدىراپ قاپتىغۇ، نېمىشقا ئالدىراپ قالدى؟

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» رېيتىر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭدا) يەتتە نەپەر ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلەر ئېتىپ تاشلاندى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تۈنۈگۈنكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: كوممۇنىست خىتاي دائىرىلىرى ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭدا 16 نەپەر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە نەپەر ئۇيغۇر، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىشتا 13 نەپەر خىتاينى ئۆلتۈرگەن، دەپ قارىلاندى.

خەۋەردە: بۇ، 16 نەپەر ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلەرنىڭ يەرلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن سوت قىلىنغاندىن كېيىن ئېتىپ تاشلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئىشسىز كىشىلەر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە نەپەر ئۇيغۇر، 10 نەپەر پارچە دېلوغا چېتىشلىق بولۇپ، 13 نەپەر خىتاينى ئۆلتۈرگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قارشى مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقان، جەمئىيەتتە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغان، دەپ ئەيىبلەندى.

تونۇگۈن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە يۈسۈپ بېك مۇخلىسوپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئېتىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلار بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر قېتىملىق نامايىشتا «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان» دەپ توۋلىغان ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. يۈسۈپ بېك ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى داۋاملىشىدۇ، دېدى.

# 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئەنقەرەدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

تۈركىيە دائىرىلىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەشنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ يىغىن ئېچىشىنى چەكلىدى.

بىر ئۇيغۇر كىشى: بىز ئەسلىدە 300 نەپەر ئۇيغۇرنى تەشكىللەپ، بېيجىڭنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ يىغىن ئېچىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۆتكەن يىلىدا نامايىش قىلغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرغانلىقىغا، قولغا ئالغانلىقىغا قارشى نامايىش قىلماقچى ئىدۇق، دېدى.

بىراق، ئۇيغۇرلار كونسۇلخانا ئالدىغا توپلانغاندا تۈركىيە ساقچىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىدى. 50 نەپەر كىشى قولغا ئېلىندى. ئاز ساندىكى كىشىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كونسۇلخانىنىڭ ئالدىدا جۇڭگوغا قارشى شوئار توۋلىدى. قولغا ئېلىنغانلار كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

گېزىت: تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ كېلەر ھەپتە بېيجىڭغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقى نامايىشنى چەكلەشنىڭ سەۋەبىدۇر، دەپ كۆرسەتتى.

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر خەۋەردە: ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ، يىغىن

ئېچىپ، 200 نەپەر كىشى ئىستانبۇلدا نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە پارتلىغان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىمەكچى بولغان ئىدى. بىراق، بېيجىڭ: تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. نەتىجىدە تۈركىيە ساقچىلىرى نامايىشچى ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلەتتى، دېيىلدى.

## 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگودا «ياشايدىغان» 50 نەچچە مىللەتنىڭ ئىچىدە بېيجىڭنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ۋە دائىرىلەرنى ئەنسىرىتىۋاتقانلار ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر ئىكەن. بۇ مىللەتلەرنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بېيجىڭنى چۆچۈتمەكتە.

پاكىستانلارغا ئاساسلانغاندا، دائىرىلەر جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىدىكەن. ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا ئىككى يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا، ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر بېيجىڭدا ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ شەھەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شاڭگاڭ «ئالما» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقى شوئارى ئاستىدا، يېقىندا چاقىرىلىدىغان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارغا قانداق زەربە بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن. يۇقىرى بېسىملىق سىياسىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىدىكەن.

# چوڭ دۆلەتلەر ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى[1]

ۋەتەنداشلىرىمىزنى قىيناۋاتقان مۇستەقىللىقا تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ھەلقۇمغا يەتتى. ئاللاھ «سەۋر ــ تاقەت قىلغۇچىلارغا ھەمراھ» بولغۇچىدۇر. بۇ سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى زادى نەدە؟ يەنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تاڭغان سىياسىي، ئىقتىسادى زۇلۇملىرىنىڭ چېكى نەدە؟ زوراۋانلارنىڭ زۇلۇمى داۋاملىشىپ مۇئەييەن چەكتىن ھالقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالداش ۋاستىلىرى ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن، ئەمدى يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇرلارغا قوراللىق زورلۇق ــ زومبۇلۇق قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، «پىلانلىق تۇغۇت» نامىدا ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈشنى، «قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا ئۇيغۇرلارنى تۇتۇش، سولاش، ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى، «چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش» نامىدا ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى، «ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى» نامىدا ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش ۋە ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى زامان مائارىپىدىن، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن چەتلىتىشنى، «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» نامىدا ئۇيغۇرلارنى قاقتى ــ سوقتى قىلىش ۋە يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىنى بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشنى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا 36 خىل جەرىمانە قويۇپ، ھەتتا تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ مۇمكىنچىلىك بەرمەسلىكنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانىنىڭ

---

[1] بۇ ماقالەم 1998 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى «يېڭى ھايات گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم ئازراق ئۆزگەرتىپ بۇ توپلامغا قوشتۇم.

سىرتىدا «غەربىي رايوننى ئېچىش» نامىدا جۇڭغارىيە نېفىتلىكى ۋە تارىم نېفىتلىكى قاتارلىق ئۇيغۇرىستان نېفىتلىكلىرىنى ئىچكىرى خىتاينىڭ سىچۇەن، خۇنەن، خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىنىڭ بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشىغا تاشلاپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، 1995 ــ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نېفىت شىركىتىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئېكسان نېفىت شىركىتىنى ۋە ئىتالىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نېفىت چارلاش گۇرۇپپىلىرىنى تەكلىماكان ھەم جۇڭغارىيە نېفىتلىكىگە باشلاپ كىرىپ، بۇ قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتىنى خەلقئارا بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلغۇچىلارنىڭ ئىگىسىز ئارىلىغا ئايلاندۇردى. بۇ بۇلاڭچىلارنى بېقىش ماددىي ۋە باشقا تەمىنات بىلەن تەمىنلەش غەيرىي بىر يوسۇندا ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. زېمىن ئۇيغۇرنىڭ زېمىنى، ۋەتەن ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئىدى. بۇ زېمىننىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان خىتاي كۆچمەنلىرى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغان مۇستەملىكىچىلەر ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مۇجاھىدلىرى، قىسقىسى 20 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن مۇستەقىللىقتا تەشنا، ئۇيغۇرنىڭ كۈچى تەقىب قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرنىڭ تەشكىللىنىشى قورallyq زوراۋانلىقتا دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرنىڭ خەلقئارادىن ياردەم تەلەپ قىلىشى، ئۇيغۇرنى سېتىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل بولۇشنى، دۆلەت قۇرۇشنى ئاللاھنىڭ ئىرادە نۇسرىتىگە، ئۇيغۇرنىڭ ئىرادە كۈچىگە ۋە قۇدرىتىگە قالدۇرماقتىن باشقا چارىمىز يوق.

ۋەزىيە ئۇيغۇرلارغا مۇشۇنداق چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئىغىرلىقىنى چۈشەنمىگەن بەزى ۋەتەنداشلىرىمىز تىلىغا ئىلاشقا، كوچا خەۋەرلىرىگە ئالدىنىشقا، رادىئو تەشۋىقاتلىرىغا، ئاساسى يوق خەۋەرلەرگە ئىشىنىشكە ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ــ تەلەپلىرىگە مەلھەم بېرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ، ساددا سىياسىي ئېتىقادىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچىنى ئالدىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ۋەتەنداشلىرىمغا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىدىن ئىككى كەلىمە سۆزلەشنى لايىق تاپتىم.

شۇنداق قىلىپ بىز باللارچە پىكىر قىلىشتىن ئىجتىمائىي پىكىر قىلىشقا، ھېسسىي پىكىر قىلىشتىن ئەقلى پىكىر قىلىش جەريانىغا ئۆتسەك، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ يەككە ــ يېگانە بىر مىللەتنىڭ مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى، بىر رايوننىڭ، بىر ۋەتەننىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىلا ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن باشقا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ كەم ــ كۈتىسىز خەلقئارا مەيداندىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

1940 ــ يىللاردا ئەنە شۇنداق خەلقئارا ۋەزىيەت ئۇيغۇرلارنى يەنە بىر قېتىم مەھكۇملۇققا ئايرىدە قىلغان ئىدى. 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەت، مۇنداق ئېيتقاندا دۇنيانىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى. شۇنداق ئىكەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاسمىنىدا بىر كېچىدە بايراق پەيدا بولغاندەك، دۆلەت قۇرغان، مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىپ قالغان، يەنە مۇستەقىللىق ئۈچۈن

كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسمىنىدىمۇ بىر كېچىدە بايراق پەيدا بولغۇسى، ئەلۋەتتە؟ ۋاقىت قاچان، بىلگۈچى ئاللاھ.

ۋەتەنداشلىرىم، بىز تۈنۈگۈنلا خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە چىققان بىر خەلق ئىدۇق، ئەمما جاھانگىر دۆلەتلەر بىزنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ شۇ چاغدا دۆلەت قۇرغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ستالىنغا خىزمەت قىلىدىغان ۋەزىپە ئۆتىگۈچى قورال بولۇپ چىقتى. ئۇيغۇرلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ شىددەتلىك جەڭلەردە قان تۆككەن بولسا، مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان «قوماندانلار» ئۇيغۇرغا سۆزلەيدىغان، ئەمما ئاستىرتتىن ستالىنغا ئىشلەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، دۆلىتىمىز ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى ئاخىرى ستالىننىڭ قولى بىلەن سېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى مەقسەتلىك، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ تەشۋىق قىلىنىپ خاتىرىلىنىدىغان، ئۇيغۇرلارنى ئۆزى ياراتقان تارىخنىڭ جەريانىدا ئىنكار قىلىدىغان، تەشۋىقات ماۋزۇسىغا ئايلاندى.

## چوڭ دۆلەتلەر ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ ئۆتمۈشى

20 ـ ئەسىر ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن، دۇنيادىكى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئىستراتېگىيىلىك ئېلىشىش جەريانىدا بەزىلىرى مەغلۇپ بولغان، يەنە بەزىلىرى غەلىبە قىلغان بىر ئەسىر بولدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك ئېلىشىشنىڭ قىزىق نۇقتىسى ياۋروپاغا مەركەزلەشكەن، ئۇ چاغدا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر سانائەت ھۆكۈمرانلىقىنى تالاشقانلىقتىن، بۇ ئېلىشىش ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى، ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققە يۆتكىلىپ 1956 ـ يىلى يۈز بەرگەن سۇۋەيش قانىلى ۋەقەسى، 1958 ـ يىلى پارتلىغان ئىراق ئىنقىلابى بۇنداق يۆتكىلىشنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى. 1967 ـ يىلى ئىراقتا پارتلىغان ئۇرۇش، 1980 ـ يىلى پارتلىغان ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى، 1990 ـ يىلى پارتلىغان پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، چوڭ كۆلەملىك ۋە كىچىك كۆلەملىك خەلقئارا ئۇرۇشلار يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ياۋروپادىن ئوتتۇرا شەرققە يۆتكەلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇ ئۇرۇشلار قارىماققا تېررىتورىيە مەسىلىسى، دىنى مەسىلە، رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بويىچە پارتلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇشلار يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك كۈرەشنىڭ غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىدى. ئوتتۇرا شەرقنى تالىشىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەشلەر دۇنيادا نېفىت بايلىقىنى كىم تىزگىنلەيدۇ، ـ دېگەن

مەسىلىنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر ئىدى. ئېلىشقان تەرەپلەر ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپ سابىق سوۋېتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەرەب مىللەتچىلىرى ئىدى.

1970 ـ يىللاردا ئوتتۇرا شەرقتە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان نېفىت بوھرانى پارتلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە نېفىتنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، نېفىتكە موھتاج بولغان دۆلەتلەر بىلەن ئېلىشىش ھەرىكىتى ئىدى. نەتىجىدە ئىران، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر نېفىت بايلىقىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفىتىنى مونوپولىيە قىلىشىغا تەھدىت سالدى. بۇ ھەرىكەتلەر ئاخىرى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى.

بۇ تارىخى باسقۇچ قولتۇق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سابىق سوۋېتلار پارچىلىنىپ ئوتتۇرا شەرقتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرقتە تىنچلىق يىغىنى چاقىرىلىپ ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرا شەرقنى تالىشىش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. كىشىلەرگە سىر ئەمەسكى، ئەگەر ۋەزىيەتتە يەنە باشقا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدىغان بولسىلا، پەلەستىن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇمكىن بولغۇسى ئېھتىماللىققا يېقىنلاشتى.

## يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىغا يۆتكىلىشى

1989 ــ يىلى شەرقىي ياۋروپادا، ئاتالمىش سوتسىيالىستىك دۆلەت خىتايدا داۋالغۇش يۈز بەرگەن بىر يىل بولدى. شەرقىي ياۋروپادا كوممۇنىزم قورغىنىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، 1990 ــ يىلى ئوتتۇرا شەرقتە قولتۇق ئۇرۇشى پارتلىدى. 1991 ــ يىلى رۇسىيىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سابىق سوۋېتلار ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە مىللىي دۆلەتلەرگە پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى، نۆۋەتتە يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ غەربتىن شەرققە يۆتكەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مۇنداق ئېيتقاندا ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادا ئۆز ئالدىغا قويغان تارىخى ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، قولىنى بوشىتىپ، مۇھىم دىققىتىنى ۋە كۈچىنى ئەمدى ئاسىيا ۋە ئۇلۇغ تىنچ ئوكيان رايونىغا قاراتتى، دېيىشكە بولىدۇ. غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»، «تىبەت مۇستەقىللىقى» بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھىندى ــ چىن ئاراللىرىغا قول تىقىشى ئەمدى ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تارىخى بوران ــ چاپقۇنىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشىدىن دېرەك بەردى.

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان خىتاينىڭ ئىشتىن سىرتقى مىللەتچىسى خې شىن: «ئامېرىكا، جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. مۇبادا ئامېرىكا دېڭىز قولتۇقى مەسىلىسىنى تېز ۋە كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلالىسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا تېزلىك بىلەن شەرققە

يۆتكىلىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكا دېڭىز قولتۇقى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يۈزلىنىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايون ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان نىشانىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان توسالغۇ ــ جۇڭگو. (مىللەتچى خىتاي بۇ يەردە بەك كۆرەڭلىك بىلەن ئاشۇرۇۋەتكەن) ئامېرىكا يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئۆزۈل ــ كېسىل تار ــ مار قىلىپ، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى» دەيدۇ. جۇڭگونىڭ ئىچكى ــ تاشقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختالغان خې شىن: «جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. كېيىنكى ئۈچ يىل جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ياكى پارچىلىنىشتەك تارىخى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ يىل بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي دىققىتىنى ئۆزگە تارتىۋېلىپ، جۇڭگوغا بىر تىنىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. مۇنداق ئېيتقاندا، جۇڭگوغا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان تىبەت ۋە ئۇيغۇردەك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى 10 يىلدەك كەينىگە سۈرۈۋەتتى.

شۇ چاغلاردا ساددا ئۇيغۇرلار دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىغا قانداق مۇئامىلە قىلغان ئىدى؟ ئەنئەنىۋى دىنى ئەقىدىچىلىك ۋە دىن قېرىنداشلىق كۆزقارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، تۇغۇلغان بوۋاقلىرىغا ساددام، دەپ ئىسىم قويىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. قاچان ساددام قەيەردە ئۇيغۇر، دېگەن ئىسمنى ئېغىزغا ئېلىپ باققان ئىدى. ئۇيغۇرلار سادداملىنى بىلگەندەك، ساددام ئۇيغۇرلارنى شۇنداق بىلەرمىدى؟ سادداملغا چوقۇنۇش،

نىمىدېگەن تەتۈر چۈشەنچە بۇ؟ قېنى بىرەر كىشى ئۇتتۇرىغا چىقىپ تارىخنىڭ ئۇ بېشىدىن تاكى ھازىرغىچە بىرەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن پاكىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسۇنچۇ؟ ياكى ھەر يىلى چاقىرىلىدىغان ئىسلام دۆلەتلىرى يىغىنىدا بىرەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى بارمۇ؟ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا خىتاي كۆچىمەنلىرى قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈردى، قايسى ئىسلام دۆلىتى دىپلوماتىك نارازىلىق بىلدۈردى؟ بۇنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكا ھەر يىلى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە يىللىق دوكلات تەييارلىغاندا «مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان» نىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى.

يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىغا يۆتكىلىشىنى تاماشا قىلغاندا، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمدى قانداق ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز. «ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ئەسىرىدە گۈللىنىشى» ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ مۇئەللىپى «تۇنجى دۇنياۋى مىللەت ھېسابلانغان ئامېرىكا، مىللەتلەر كۆپ مۇنبەتلەشكەن ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشى، رايون خاراكتېرلىك يېڭى تەرتىپنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشى لازىم» دېگەندىن باشقا «ئامېرىكا دۆلەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ بۈيۈك يۈكى بىر مىللەتنىڭ ئىشلىرىنى قوغلىشىشلا بولۇپ قالماستىن، دۇنيادا تارىخى خاراكتېرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى. بۇنداق كۆزقاراشلار خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئوغۇسىنى قايناتتى. خىتاي مىللەتچىلىرى جان ــ جەھلى بىلەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ

چىقىپ «ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى دۇنيادا زادى نېمە قىلماقچى» دەپ سوئال قويۇشتى. «ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى نىشانى ئىنتايىن ئېنىق ھەمدە بۇ نىشان ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش» دېدى ۋە ئۆزى قويغان سوئالغا ئۆزلىرى جاۋاب بېرىشتى.

كۆرەڭ خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ نەپسى بەك يوغىناپ كەتكەن چاغلاردا، دېھقان داھىي ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە «ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. ئەسىرلەردىن بېرى ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئازاد قىلالمىغان بىر مىللەتنىڭ «ئىنسانىيەتنى ئازاد» قىلىشى مۇمكىن بولارمىدى. «كۆتۈمىدە ئىشتان يوق ئېتىم مارجان بوۋى» دېگەندەك ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئالدىدا غىلجىڭلاپ بېقىش خىتاي بۇ مىللەتكە ئادەت بولسا كېرەك، شۇڭا «ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى» دېگەن بۇ ئىبارە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولۇشتى.

## تەيۋەن مەسىلىسى

نۇرغۇنلىغان تەيۋەنلىكلەر تەيۋەن ئارىلىدا مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەم تارىخى ئاساسقا ھەم قانۇنىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە دۇنيادا ھېچقانداق بىر دۆلەت ياكى دۆلەتلەر گۇرۇھى بۇنداق ئارزۇنى قوللىغان ئەمەس.

1945 ـ 1948 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن خىتاينىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى ھېسابقا ئالغاندا، تەيۋەن 1895 ـ يىلدىن تاكى ھازىرغىچە ھېچقاچان خىتاي قورۇقلۇقىدىكى بىر ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان ئەمەس. 50 يىلدىن بېرى گەرچە تەيۋەن نەزەرىيە جەھەتتە جۇڭگونىڭ بىر

قىسمى دېيىلىسىمۇ، لېكىن تەيۋەن كۆپ جەھەتتە مۇستەقىللىق يولىدا مېڭىپ، رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادى قۇدرەت تاپقان، ياۋروپالىقتەك تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن، جۇڭگولۇقلار كۆرۈپ باقمىغان يوكسەك دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولغان بىر رايونغا ئايلاندى. شۇڭا بېيجىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتىنى ئېتىراپ قىلغان دۆلەتلەرمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىتىدە كېلىشتۈرمىچىلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىككى جۇڭگو پەيدا قىلىپ جۇڭگونى رەنجىتىشنىمۇ، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن سودا قىلىشنى ساقلاپ قېلىپ تەيۋەننى تاشلىۋېتىشنىمۇ خالىمايدۇ...

17 ـ ئەسىر كىرگەندىلا تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، دەپ قارالغان. ئەڭ ئاۋۋال تەيۋەنگە كەلگەنلەر جۇڭگولۇقلار ئەمەس، پورتۇگالىيىلىك، ئىسپانىيىلىك، گوللاندىيىلىكلەر ئىدى. تەيۋەنگە كەلگەن تۇنجى جۇڭگولۇقلار پۇجيەنلىكلەر بولۇپ، ئۇلار ياۋروپالىقلا تىزگىنلىگەن بۇ زېمىندا ئولتۇراقلاشقان.

ختايدا بىر خانلىق ئالمىشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپ، مىڭ خاندانلىقى مانجۇلار تەرىپىدىن تىرە ـ پىرەن قىلىنغاندىن كېيىن، چېكىنىپ خىتاينىڭ پۇجيەن ئۆلكىسىدە قارشىلىق كۆرسەتكەن، مىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسكەر باشلىقى جىڭ چېڭ گۇڭ تەيۋەنگە قېچىپ بېرىپ تەيۋەن ھاكىمىيىتىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. بۇ خۇددى كوممۇنىست خىتايلاردىن يېڭىلگەن گومىنداڭ خىتايلىرى تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالغاندەك بىر ئىش ئىدى. جىڭ چېڭ گۇڭ تەيۋەننى بازا قىلىپ مانجۇلارغا قارشى كۈرەش قىلماقچى بولغان، بۇ خۇددى جياڭ جېشى گومينداڭچىلىرى تەيۋەننى بازا قىلىپ چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلمەن،

دىگەندەك بىر ئىش ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، جىڭ چىڭ گوڭ ئۇ ھەقىقەتەن مانجۇلارغا قارشى تەيۋەندىن ھۇجۇم قىلدى، ئەمما جياڭ جېشى خىتايلىرى تەيۋەندىن قۇرۇقلۇققا ھەرگىز ھۇجۇم قىلالمىدى.

كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە تەيۋەن جۇڭگونىڭ زېمىنى، دەپ قارالدى. بىراق مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى كۇنسايىن زەئىپلەشكەنلىكتىن، 1895 ــ يىلى تىنىچ ئوكياندا پارتلىغان مانجۇ ــ ياپون ئۇرۇشىدا مانجۇلار يېڭىلدى، تەيۋەن بوغۇزى ۋە تەيۋەننى ياپونىيە ئىگىلىدى.

1943 ــ يىلى جياڭ جېشى قاھىرە يىغىنىدا روزۋېلتقا ھەم ئەركىلەپ ھەم تەھدىت سېلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مۇبادا تەيۋەننى، شىنجاڭنى جۇڭگوغا قوشۇپ بەرمەيدىكەن، جۇڭگو ياپونىيىگە تەسلىم بولىدۇ، دېدى. 1945 ــ يىلى گومىنداڭ خىتايلىرى تەيۋەننى ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، چىرىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئورنىتىپ، مىلىتارىست چىن يى تەيۋەن خەلقىنى رەھىمسىز باستۇرغان ئىدى. 1949 ــ يىلى جياڭ جېشى تەيۋەنگە قېچىپ باردى. 1950 ــ يىلى كورېيە ئۇرۇشى پارتلاپ ئامېرىكا كوممۇنىست خىتايلارنىڭ سابىق سوۋېتلار بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، جياڭ جېشىنى قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈپ، 7 ــ ئىسكادروننى تەيۋەن بوغۇزىغا ئېلىپ كەردى. بۈگۈن تەيۋەننى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرىدىغان دۆلەتمۇ ئامېرىكا، ئەگەر خالىسا تەيۋەننى جۇڭگوغا قوشۇپ بېرىدىغان دۆلەتمۇ ئامېرىكا بولۇپ كەلدى، چۈنكى تەيۋەننىڭ تارىخى بىلەن رېئاللىقى ئامېرىكىنىڭ قولىدا ئىدى.

1996 ــ يىلى مارتتا خىتاي كوممۇنىستلىرى تەيۋەن ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزىگە راكېتا قويۇپ بېرىپ، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچىلارنىلا

ئەمەس، بەلكى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان دېموكراتىك ئومۇمى سايلامنى ئوق بىلەن يوقاتماقچى بولدى...

تەيۋەننىڭ ئىچكى قىسمىغا كەلسەك «دۆلەت قۇرۇش پارتىيىسى»، «دېموكراتىيە ــ تەرەققىيات پارتىيىسى» قاتارلىق پارتىيىلەر تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى ياقىلايدىغان، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن پارتىيىلەر ئىدى. بۇ پارتىيىلەر بۈگۈنگىچە ئەنە شۇنداق كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ئەمما 1997 ــ يىلى 29 ــ ئۆكتەبىر كۈنى ۋاشىنگتوندا پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تەيۋەندە «دېموكراتىيە، تەرەققىيات پارتىيىسى» كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چېن ۋىن شى خانىم: «ئۆزگىرىش خائىنلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ» پارتىيە ئىچىدە رەھبەرلەر ئورتاق تونۇشقا كەلدى... «تەيۋەن سىياسىي ئېقىم بىلەن قارشىلاشماسلىقى كېرەك» دەيدىغان سىياسىي ماۋزۇلاردا نۇتۇق سۆزلەپ: «تەيۋەن مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا بىردەك پىكىرگە كەلدۇق... سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن بۇرۇنقى سىياسىي ئەندىزىنى ئەمدى ساقلاپ قېلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

ئۇنداقتا ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونى ۋەزىيىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى نېمە؟

بۇ قېتىم پرېزىدېنت جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، تەيۋەن مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا: «پۇرسەت توغرىلانغاندا جۇڭگولۇقلار تەيۋەن مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ... بىز ئۆزلۈكسىز مۇزاكىرىلىشىپ تۇرىمىز... بىز يەنە ئىككى تەرەپ مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىدىغان پۇرسەتنىڭ ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىشىنى

ئۆمىد قىلىمىز... ئىككى تەرەپنىڭ مۇزاكىرىلىشىشى مەسىلىسىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ـــ بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت... مەسىلە ھەل قىلىنىشى كېرەك، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنىش كېرەك، ـ دەپ قارايمىز؛ بۇ مەسىلە شۇنداق ھەل قىلىنىدىغانلا بولسا، بۇ، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق... ئۇنداقتا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى بىر تارىخى دەۋرگە كىرىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى... بىز قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، كېچىككەندىن بالدۇر بولغىنى ياخشى دەپ قارايمىز» دېدى.

پرېزىدېنتنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشى «جۇڭگو، ئامېرىكا قوشما ئاخباراتى»دا قەيت قىلىندى.

بۇنداق سىياسەتلەرگە تەيۋەننىڭ ئىنكاسى قانداق بولدى؟

1997 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر كۈنى تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى: «ئامېرىكا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقنا ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن، ئۇنداقتا تەيۋەن بوغۇزىدىكى مەسىلىلەرنىڭ دەل ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقنا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇشى لازىم... ئامېرىكا، جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىكەن، تەيۋەن باشقا ھەرقانداق رايون (شىنجاڭ ۋە تىبەتنى كۆزدە تۇتقان) نىڭ ئەركىنلىكى، دېموكراتىيىسى ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزمەسلىكى لازىم» دېدى.

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي «ۋاشىنگتون پوست» ۋە «ۋاشىنگتون تايمس» گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىغا بايان قىلغان

سۆھبىتىدە، تەيۋەن بوغۇزىدا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۇغىسى قايناپ: «تەيۋەن مۇستەقىل، ئەزەلدىنلا مۇستەقىل ئىدى» دېدى.

**تىبەت مەسىلىسى**

1997 ـ يىلى 27 ـ مارت كۈنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي تەيۋەندە تىبەت خەلقىنىڭ داھىسى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئىش خىتاي، خىتاي بولۇپ خىتايدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان بىر مىللەتنىڭ داھىيسىنى خىتاي رەھبىرىنىڭ تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىشى ئىدى.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كىلىنتۇن دالاي لامانى قوبۇل قىلىپ، ئارقىدىنلا دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبرايت خانىم دالاي لامانى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ «كىلىنتۇن ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى قوللايدىغانلىقىنى، دالاي لاما ياكى ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت قۇرۇپ ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىشنى قوللايدىغانلىقىنى» كۆرسەتتى.

1997 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل كۈنى موسكۋاغا زىيارەتكە ۋە غەيرىي رەسمىي دىپلوماتىك ۋەزىيە بىلەن يېتىپ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن چىچېن شۇ كۈنى موسكۋادا، دالاي لاما مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچسىلا ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ يەردە چەن چىچېن دالاي لاما مەۋقە

بىلدۈرۈۋاتقىنى يوق، ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋە پرېزىدېنت كىلىنتونغا قاش ئېتىپ، تىبەت مەسىلىسى بويىچە ئىپادە بىلدۈرمەكتە.

1997 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل كۈنى موسكۋادىن ۋاشىنگتونغا چاقىرىپ كېلىنگەن چەن چېجىن (بۇ قېتىم خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن چېجىن 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى ۋە بۇ نامايىشنى قانداق باستۇرغانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە دوكلات بەرگەن ۋە ھېساب بەرگەن بولۇشى مۇمكىن) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن تىبەت توغرىسىدا سۆزلىشىشكە قايتتى. 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى تىبەت ئىشلىرى بويىچە پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق باش ئەلچى تەيىنلىدى.

ئەمدى كۈنلەر قىستاپ كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى دالاي لاما بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرھال: «تىبەت مەسىلىسى شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئوخشمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تارىخى ئەھۋالى تىبەتنىڭ تارىخى ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ» دەيدىغان سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تىبەت مۇستەقىل بولسا بولىدۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا شەرتى توشمايدۇ، دېمەكچى ۋە شۇنىڭغا پاكىت تەييارلىماقچى بولىدۇ.

تىبەتنىڭ سىياسىي ۋە تارىخى ئورنى ۋە تىبەتنىڭ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ۋە خەلق ئارىسىدا ئىككى خىل كۆزقاراش مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە. تىبەت

تەرەپدارلىرى «تىبەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ خىتاي تېررىتورىيىسىگە مەجبۇرى قوشۇۋېلىنغان، تىبەت ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېيىشسە، خىتاي پەرەس كىشىلەر: «تىبەت ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، تىبەتتە ئۆزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك مانجۇ ھۆكۈمىتى زاۋالغا يۈزلەنگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تىزگىنلىشى ۋە پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسى» دەپ قارايدۇ. خىتايغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زاۋالغا يۈزلەنگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ تىبەتنى تەسىر دائىرىگە ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىشى بىلەن، 1911 ـ يىلىدىن باشلاپ چاررۇسىيىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن لېنىن، ستالىن رۇسىيىسىنىڭ تاكى 1945 ـ يىلىغىچە ھەتتا 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىرگىچە ئۇيغۇرىستاننى تەسىر دائىرىسىگە ۋە ئىسكەنجىسىگە ئېلىشى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بۇ، تىبەت بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ تارىخى تەقدىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا خىتاي تارىخچىلىرى مانجۇ ـ ئۇيغۇر مۇستەملىكە مۇناسىۋەت تارىخىنىڭ قايسى بابىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تىبەت مەسىلىسى ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن سەپسەتىلەرگە ئاساس تېپىپ بېرەلەيدۇ.

تىبەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىش تارىخى پەرقلەر ئىچىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە. ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىگە كەلسەك، تىبەتلىكلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېرىق تەنلىك ئاسىيالىقلاردۇر. بۇ نۇقتىدا تىبەتلەر بىلەن خىتايلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا

ئىشىنىدىغان كاۋكاز ئىرقىغا مەنسۇپ ئاق تەنلىك ئاسسىيالىقلاردۇر. ئىككى مىللەتنىڭ تەقدىر ــ قىسمىتىنىڭ ئوخشاش تەرىپى شۇكى، ھەر ئىككى مىللەت مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان. بەلكى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا خىتايلارمۇ مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان مىللەت ئىدى. 1950 ــ يىلىدىن كېيىنكى خىتاي ــ تىبەت، خىتاي ــ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت مۇناسىۋەتلەر تارىخى شۇڭا دەۋا ئۈستىدىكى تارىختۇر.

خىتاي تارىخچىلىرى ۋە خىتاي سىياسىيونلىرى، سىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تىلغا ئېلىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن قايسىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە قايسىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا شەرتى توشمايدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا گېرمانىيىدە بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلگەنلىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادا قىزىل بايراقنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامسىلەر، قانداق؟ بۈنىڭدىن مەنتىقى خۇلاسە چىقارساق، 1945 ــ يىلى 14 ــ فېۋرال كۈنى تۈزۈلگەن «يالتا شەرتنامىسى» ئۆزۈل ــ كېسىل بىتچىت بولدى، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەت يالتا شەرتنامىسى بويىچە سېتىلغان ۋە مۇنقەرز قىلىنغان ئىدى. يالتا شەرتنامىسى بىكار قىلىنغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار 1944 ــ يىلى نويابىردا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەكمۇ، ــ يوق؟! ئەپسۇسكى، بۇ دەۋردە تىبەت مەسىلىسى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگىمۇ چىقمىغان ئىدى. تىبەت بىلەن ئۇيغۇرىستان تارىخىنىڭ پەرقى

ئەنە شۇ يەردە ئىدى. سىلەر ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇۋاتقان پەرقلەر شۇ ئەمەسمۇ، ئەپەندىلەر!

1979 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى خۇ ياۋباڭ تىبەت توغرىسىدا 6 ماددىلىق سىياسەت ۋە شىنجاڭ توغرىسىدا 6 ماددىلىق سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، شىنجاڭدا باي بولۇپ تېرىسگە پاتماي قالغان خىتاي تارىخچىلىرى ۋە سىياسەتۋازلىرى شۇ چاغدا ئۆرۈمچىدە مەتبۇئاتلارغا ماقالە يېزىپ شىنجاڭ مەسىلىسى تىبەت مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. ھازىر ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق تىبەت ۋەكىللىرى بىلەن خىتاي ۋەكىللىرى سۆھبەتكە ئولتۇرىدىغان بولسا، خىتاي كوممۇنىستلىرى «تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ھامان خىتاي تارىخچىلىرى «شىنجاڭ مەسىلىسى تىبەت مەسىلىسگە ئوخشىمايدۇ» دېگەن سەپسەتىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھازىرچە قوللىماسلىقىنىڭ ئېغىر سەۋەبلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى 40 ـ يىللاردا خەلقئارا مەسىلىگە ئايلانغان ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى خەلقئارا مەسىلە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى رۇسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكى ئىش بولغاچقا، ئالدى بىلەن رۇسىيە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى لازىم. (يالتا يىغىنى رامكا بەلگىلەپ بەرگەن جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك) شۇڭا يېقىندىن بېرى

ختاي رەھبەرلىرىنىڭ رۇسىيىگە كەينى ـ كەينىدىن زىيارەت قىلىپ بېرىشى ۋە ئىككى يىل ئىچىدە پرېزىدېنت يېلتسىننى ئىككى قېتىم جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىشى، ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى ۋە يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسىدىن تەشكىللەنگەن يالتا سىستېمىسىنىڭ، ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

1997 ـ يىلى 28 ـ يانۋار كۈنى پرېزىدېنت كىلىنتۇن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «جۇڭگو بىلەن ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇش سىياسىتىمۇ ئامېرىكىنىڭ مۆلچەرلىگەن ئۈنۈمىگە ئېرىشەلمىدى... جۇڭگودا ئەركىنلىك روھى بارغانسېرى ئۆلغىيىدۇ، مۇستەبىتلەر بېرىلىن تېمى ئۆرۈلگەندەك ئۆرۈلىدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ  قالالمايدۇ، شەرقىي ياۋروپا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلىرى ئەركىنلىكنىڭ  ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندەك، جۇڭگولۇق مۇستەبىتلەرمۇ ئەركىنلىكنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ سۆز پرېزىدېنت كىلىنتۇن ئىككىنچى قېتىم پرېزىدېنتلىققا سايلانغاندىن كېيىن ئاق سارايدا سۆزلىگەن دۆلەت خېتى (نۇتۇق) بولۇپ، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدىغانلا بولسا بۇ نۇتۇق يېقىن كەلگۈسىنىڭ بېشارىتى ۋە كىلىنتۇن ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسىتىنىڭ رېئال مەنزىرىسى بولۇپ قالغۇسى.

1996 ـ يىلى ئاپرېلدا رۇسىيىنىڭ دۆلەت باشلىقى يېلتسىن شاڭخەيدە ختاي ھۆكۈمىتى بىلەن چېگرا شەرتنامە ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇشقا ئىمزا چەكتى. رۇسىيىلىكلەر مۇنداق ئېيتقاندا ختاي

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى، ئارقىدىنلا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياستىنى يولغا قويدى.

1996 ــ يىلى ئىيۇلدا جياڭ زېمىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئاندىن پاكىستاندا زىيارەتتە بولدى، 1997 ــ يىلى دالاي لاما تەيۋەندە زىيارەتتە بولدى، ئەمدى بۇ يىل پرېزىدېنت كىلىنتۇن ھىندىستاننى، پاكىستاننى، خىتاينى زىيارەت قىلماقچى بولدى. ئۆتكەن يىلى پرېزىدېنت كىلىنتۇن رۇسىيىدە زىيارەتتە بولغان ئىدى. نېمە ئىشلار بۇ؟ دۇنيا بىر جىددىي دەۋرگە كىردىمۇ؟ بۇ توغرىدا ئەنگلىيىنىڭ قوغداش گېزىتى: «بۇ دىپلوماتىك بېرىش ــ كېلىشلەرنىڭ ئاخىرى قەيەردىن چىقار» دەپ يازدى... تۇن پەردىسى ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان تەرەپكە يۆتكەلگەن يېڭى دۇنيا ئىستراتېگىيىسى دىپلوماتىنىڭ بېرىش ــ كېلىشلەرگە تۈرتكە بولدى. بۇ بىزگە ۋە تېبەتكە يەر شارى ئىستراتېگىيىسى ئېلىپ كەلگەن تاڭ نۇردۇر. بۇنداق يېتىپ كېلىشنىڭ خىتايغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن ــ ئالا سەزگەن خىتاي مىللەتچىلىرى، 1997 ــ يىلدا «جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلا ياق دېيىشى كېرەك»دېگەن كىتابنى ئېلان قىلدى. كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىللەتچى خې شىن: «مەن جۇڭگولۇق سالاھىيتىم بىلەن ۋارقىرايمەن، جۇڭگو بۈگۈن خەتەرگە دۈچ كەلدى؛ ئەڭ زور خەتەرگە دۈچ كەلدى؟ » دەپ ئۈن سېلىپ ۋارقىرىدى.

خې شىننىڭ نەزىرىدە «تەھدىت» جۇڭگوغا، خې شىنغا، ھەربىر جۇڭگولۇققا يېتىپ كەلگەن «تەھدىت» ئىدى. «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ داۋالغۇشى ئارقا ــ ئارقىدىن يۈز بېرىدىكەن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى

سىياسىتى غەيرىي تەرەققىيات ھادىسىلىرىگە يول قويىدىكەن، جۇڭگو تۇرغان مۇھىتنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ... بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو پارچىلىنىدۇ» دېدى، خې شىن ئەپەندى.

خوش جۇڭگو تەھدىتكە دۇچ كەپتۇ، بۇ قانداق تەھدىت؟

مىللەتچى خې شىن داۋاملاشتۇرۇپ: يېقىندا ئامېرىكىدا بەزىلەر ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونى ئىسكەنجىگە ئېلىش پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

17 ـ ئەسىردە چاررۇسىيە ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا تايىنىپ، شەرقىي ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىشان قىلىنغان ئىدى (شۇڭا 1905 ـ يىلى رۇس، ياپون ئۇرۇشى پارتلىغان). رۇسىيىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتنى يەنە يولغا قويامدۇ، ـ يوق؟ ئىسكەنجە سۆزىنى تىلغا ئالغاندا دۆلىتىمىز ئوكرائىنا، قازاقىستان ۋە باشقا ئاجىز، لېكىن رۇس مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادى ۋە سىياسىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتىشى كېرەك. پاكىستاندەك مۇنداق ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) رايونىدا مۇقىمسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم، دەيدۇ.

ئەمدى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭ سىياسىي تەھلىلىگە نەزەر ئاغدۇرايلى.

ختاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا ھەپتىلىك ژۇرنىلى»نىڭ 1997 ـ يىلى 7 ـ سانىدا «بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك تارىخى ئۆتكىلى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدا: «سابىق سوۋېتلار پارچىلانغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسىدا يېڭى تەڭشەش مۇناسىۋىتى پەيدا بولدى. جۇڭگولۇقنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا، مۇداپىئە بىلەن ھۆكۈمنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىش جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئاسىيانىڭ يېقىندىن بېرىقى ۋەزىيىتى، ئامېرىكا، ياپونىيە ھەربىي شەرتنامىسى تەرىپىدىن بەلگىلەندى. شۇڭا جۇڭگو چاتاق چىقىرىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك» دەپ يازغان بولسا، يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ ئاۋغۇست سانىدا: «ئەنئەنىۋى جۇڭگولۇقلار ۋە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتلەر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان ئىدى. ماقالىدا: «دىك شىياۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، جياڭ زېمىن ھوقۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىقتىسادنى ئىسلاھ قىلىش، شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) تېبەت مۇستەقىلچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇشى ھەمدە چەت ئەللىكلەرنىڭ قورشاۋىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك... تەيۋەن بوغۇزى ۋە ئىككى قىرغاق ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى بىئارام قىلىدۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. پەقەت رادىكال مۇستەقىل تەيۋەن، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەرەپدارلىرىلا ۋە مىللەتچىلەر پارلاق بىر دەۋرنىڭ كېلىشىدىن خۇشال بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىدىكەن، دېموكراتىيە بىلەن ئەركىنلىك ئاخىرلىشىپ جۇڭگولۇقنىڭ تراگېدىيىسى يېتىپ كېلىدۇ؛ ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سىياستى بىلەن ئىككى قىرغاق

سىياسىتىنىڭ نامۇۋاپىق تەرەققىي قىلىشى ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقلارغا ئۈمىد ئىلىپ كەلمىگەننىڭ سىرتىدا، بۇنىڭ ئىچىگە ئىنتايىن جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ ئامىللىرى سىڭىپ كەتتى» دەپ كۆرسىتىلدى.

دېمەك، ئەنئەنىۋى خىتاي مىللەتچىلىرى ئۆزىگە پايدىسىز بىر ۋەزىيەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋەزىيەت ئەلۋەتتە يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىدىن پەيدا بولغان ۋەزىيەتتۇر.

1997 ـ يىلى 14 ـ سىنتەبىر كۈنى ئامېرىكا، رۇسىيە، تۈركىيە باشچىلىقىدا سەككىز دۆلەت ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا گېزىتى» بۇ توغرىدا ماقالە ئېلان قىلىپ: «ئامېرىكا بۇ مانېۋىر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا غەيرىي كۆزقاراشتا بولۇشىنى چەكلىمەكچى، بۇ ئىش سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يېڭى مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىلىپ بېرىلغان ھەرىكەتتۇر»... ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى يىراقتىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر يۆتكەپ كېلىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن قوزغالغان يېڭى دۇنيا ئىستراتېگىيىسىنىڭ غەيرىي بىر ئالامىتىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتتە 2 مىليارد بارېل نېفىت ساقلانماقتا. باشقا تەبىئىي گاز ۋە تەبىئىي بايلىقلار ئاللىقاچان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىگە چۈشتى.

ئامېرىكا گېنېرالى بوئىن فىر ۋەزىيە ئۈستىدە توختالغاندا: «ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشنا ئىراق، ئىران (ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرغان) خىتاي، بۇ قېتىمقى مانېۋىر ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆز ـ

كـۆز قىلىــشى، دەپ قارايــدىغان بولــسا، بىــز بۇنــداق كۆزقاراشــنى توسـۇپ قالالمايمىز» دېدى.

ۋەتەنداشلىرىم! تارىخنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسگە سېغىنايلۇق، يېڭى دۇنيا ئىستراتېگىيىسى ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە ئىرادىسى بـويىچە ھەرىكەتـكە كەلـدى. بـۇ ئىـستراتېگىيە تارىخنىــڭ كونا بەتلىرىـدە ئۇيغـۇرلارنى ئۇيغـۇرلار قۇرغـان دۆلەتلەرنــى ساتقان قـۇرلار بـار. بـۇ قېـتىم ئۇيغۇرلار يەنە سېتىلىشى مۇمكىنمـۇ؟ ئـاللاھ ئاتـا قىلغـان سـەزگۈلىرىمىزگە مۇراجىئەت قىلساق، بـۇ قېـتىم ئـامەت قوشـۇمچە ئـاپەت ۋە سـائادەت بىـزگە يېقىــنلاپ كەلمەكــتە دەپ ئېيتــالايمىز. چـۈنكى ئـاللاھ بىزنــى ئۇيغـۇرلارنى مەھكۇملۇقتـا بەنـد قىلغانـدا ۋەتىنىمىزنىــڭ يەر ئاسـتىغا نۇرغـۇن بـايلىقنى ئورۇنلاشــتۇرغان ۋە شــۇ بــايلىق بىــر كــۈنى ئۇيغــۇرلارنى مۇســتەقىللىققا ئېرىــشتۈرىدۇ، دەپ ھۆكـۈم قىلغـان بولۇشــى مـۇمكىن. بۈگـۈنكى ئامېرىكـا قۇدرەتلىــك، تەڭداشــسىز ئامېرىكىــدۇر (ئەگەر شــۇ ئامېرىكىنىــڭ تاشــقى سىياســتى ئۇيغـۇرلارنى نىــشان قىلغـان بولــسا) بـۇ رېئـاللىقنى ئېتىــراپ قىلمايــدىغان كىــشمۇ بولمايــدۇ. ئۇيغۇرىــستاننىڭ ھېسابــسىز بـايلىقىنى، نېفىتىنى، تەبىئىي گازنى، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتـلەر خىيـانەتچى، پـارىخور خىتايلارغـا تاشـلاپ بېرىــپ، خەلقئـارا ھەمكـارلىق، خەلقئـارا ئىـش تەقـسىماتى، يەر بايلىقىــدىن قانــداق پايــدىلىنىش، بەلكــى يەر بايلىقىــدىن يەرلىـــك مىلـــلەت ئـــۆزى پايـــدىلىنىش قاتـــارلىق جەھەتـــلەردە خىتـــاي كوممۇنىــستلىرىنىڭ قانــداق بىــر تەرەپ قىلىــشىغا تاشـلاپ بېرىــپ قـاراپ تۇرۇشى مۇمكىنمىدى؟

ئەمما ئارىمىزدا ساددا دىنى ھېسسىياتقا، دىنى ئادەت كۈچىگە ئىگە ئايرىم كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىدىن مەدەت كۈتمەكتە. ئىشىنىڭلاركى ئىسلام دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ياردەم بەرمەيدۇ، بەلكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاينىڭ دوستىغا ئايلاندى. تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، قايسى ئىسلام دۆلىتى ياردەم بەرگەن ئىدى؟ مەنپەئەت مىللىي مەنپەئەت مەسىلىسىدە قېرىنداشلىق ۋە دىنداشلىقنى ياقلاشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. پاكىستاننىڭ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئون ئىككى نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ۋە خىتاينىڭ ئۇلارنى خونجىراپ چېگرىسىدا ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى بىزگە ۋە سىلەرگە ئىبرەت بولسۇن. ساددا دىنى ھېسسىيات، قېرىنداشلىق ھېسسىياتى قەپىسىدىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىپ پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە نۇسرىتىگە، ئۆزىمىزنىڭ ئەقلى كۈچىگە ئىشىنەيلۇق.

بۈگۈن خىتاي يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنىڭ قورشاۋىدا قالدى خىتاينىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ.

1. ئەگەر جۇڭگو ئىچكى ــ تاشقى سىياسەتتە جاھىللىق قىلىپ ئۆزىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىكەن، ئامېرىكا خىتاينىڭ مۇستەملىكىلىرىدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى پىلانلىشى مۇمكىن. ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ خىتايپەرەس بىر ھۆكۈمەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى مۇمكىن.

2. ئەگەر خىتاي باش ئېگىپ يول قويۇپ، ئامېرىكىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئامېرىكا، جۇڭگوغا ئىقتىسادى

جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، تىنىچ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يۇقىرىقى ۋەزىپىنى تاماملىشى مۇمكىن. قىسقىسى خىتاي قايسى يولنى تاللىسۇن، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىنىڭ خاراكتېرى بەرىبىر ئوخشاش. كىلىنتون ــ جياڭ زېمىن سۆھبىتىدىن كېيىن جۇڭگو تەرەپ فېدېراتسىيە ياكى كونفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەيۋەن تەرەپكە قاش ئاتتى. كوممۇنىست خىتايلار دۆلەت نامىنى ئۆزگەرتىش، بايراقنى ئۆزگەرتىش، دۆلەت گېربىنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى. تەيۋەن تەرەپ جىددىي يىغىن چاقىردى. تەيۋەن مۇقەررەر ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ ئالىدۇ.

1. مۇستەقىللىق جاكارلاش. قارىغاندا بۇ يول ئاقمايدۇ.

2. كونفېدېراتسىيە شەكلىدە بىرلىشىش بەلكىم ئامېرىكا شۇنداق يول كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تەيۋەن مۇبادا كونفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلىنى تاللاپ ئالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جۇڭگودا (خىتاي ئائىلىسىدە) دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەمدى بىزنىڭ سىياسىي شوئارىمىز ــ ئۆزۈل ــ كېسىل مۇستەقىللىق... مەن چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئويۇنلارغا ئىشەنمەيدىغان بولدۇم. پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە كۈچىگە ئىشىنىمەن. ئى ئاللاھ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئامېرىكىغا مەدەت بەرگەيسەن.

# 1998 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 13 ــ كۈنى ئەنقەرەدىن بەرگەن خەۋىرى:

شىنجاڭ (مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان) تەشكىلاتلىرى سىياسىي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىمالىي ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسىنىڭ ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ، زوراۋانلىق ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە بېيجىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: سابىق سوۋېتلار 1991 ــ يىلى پارچىلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارقا ــ ئارقىدىن مۇستەقىل بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى چېگرىلارنى ئېچىۋېتىپ ئۇ دۆلەتلەر بىلەن باردى ــ كەلدى مۇناسىۋەتلەرنى قويۇقلاشتۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئەمما، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) غا سىڭىپ كىرىشى 10 مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

دوكلاتتا: ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، خىتاينىڭ دىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئۇزۇندىن بېرى نارازى ئىدى. شۇڭا ئوگايلا چەت ئەلنىڭ قۇترىتىشىغا ۋە بۆلگۈنچىلىك

تەسىرىگە ئۇچراپ، ھۆكۈمران دائىرىلەر بىلەن داۋاملىق قارشىلاشتى ۋە قارشى ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ تۇردى، دەپ ئىبتىراپ قىلىندى.

دوكلاتتا يەنە: مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتلىرى دۆلەت قۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە. كەلگۈسىدە رەھبەرلىككە قويۇش ئۈچۈن، ئۇزۇندىن بىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك زىيالىيلارنى تەربىيىلەپلا قالماي، خېلى ساندىكى ئۇرۇشخۇمار ئۇنسۇرلارنىمۇ تەربىيىلىدى ۋە تەشكىللىدى. زۆرۈر تېپىلغاندا بۇلارنى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۈرەشچان كۈچىگە ئايلاندۇرماقچى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە ئالدى، تاغلاردا، ئورمانلىقلاردا جەڭ قىلىشنى كۆرۈد پارتىزانلىرىدىن ئۆگەندى، دېيىلدى.

دوكلاتتا: مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچىدە مەزھەپلەر كۆپ ئىكەن، ئىختىلاپ ئېغىر ئىكەن. مىللىي تەبىئەت بىلەن دىنى تەبىئەت ئاسانلىقچە مۇرەسسەلىشەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلار مۇستەقىل تىبەت تەشكىلاتلىرى خەلقئارادا ئېرىشكەن مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنداقلا دالاي لامادەك بىر رەھبەرگىمۇ ئېرىشەلمىگەن، دەپ كۆرسىتىلدى. ئاخىرىدا: مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسى ۋە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى زوراۋانلىقنى سىياسىي نىشانغا يېتىشنىڭ ئۇسۇلى قىلغاندەك، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارمۇ شۇلارنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، خەلقئارادا زوراۋانلىق يولىغا ماڭىدىغانلا بولسا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە زوراۋانلىقنى ۋاستە قىلىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، دېيىلدى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

دەل مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) تەشكىلاتلىرى سىياسىي باراۋەرلىكنى زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىمىز، دەپ بايانات ئېلان قىلغان كۈنلەردە خىتاي دۆلەت ئىشلىرى ئەزاسى ئىسمائىل ئەھمەد 13 ـ كۈنى جۇڭگو مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىدا: چەت ئەللىك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) غا سىڭىپ كىرىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى.

ئۈچ كۈن داۋاملاشقان مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنى 13 ـ كۈنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى. يىغىندا دائىرىلەرنىڭ مىللىي ئىشلار خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، خۇلاسىلەندى. يىغىندا مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئىسمائىل ئەھمەد، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ئاساسىدا، دەۋر ھالقىيدىغان نىشان ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى دېگەن تېمىدا ئۇزۇن دوكلات بەردى. ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بۇ سۆزلىرى شۈبھىسىزكى تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ـ تىبەت مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق بىلەن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىتىلدى.

## 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

«جۇڭگو ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە: جۇڭگو، قازاقىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە، تاجىكىستان دۆلەت باشلىقلىرى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە ئۇچراشقان. ئۇچرىشىش يىغىنىدا جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن: بەش دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىقنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بەش دۆلەت مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي رادىكالىستلار، تېررورىستلار، ئوغرىلىقچە قورال ـ ياراغ يۆتكىگۈچىلەرگە ئەتكەسچىلىك قاتارلىق ئومۇمىي ئاپەتكە ئورتاق قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەش دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە، ساقچى قىسىملىرى، بىخەتەرلىك ئورۇنلىرى ۋە تاموژنا قاتارلىق تارماقلىرى مەسلىھەتلىشىشنى، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك، دېگەن.

بۇنىڭدىن باشقا بەش دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى، دۆلەت باشلىقلىرىغا ۋاكالىتەن بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويدى. باياناتتا: ھەرقانداق شەكىللىك مىللىي بۆلگۈنچىلىك، چەتكە قېقىشلارنى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ؛ شۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىدىن پايدىلىنىپ بەش دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە زىيان سالىدىغان ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ. ھەرقايسى تەرەپ تەدبىر قوللىنىپ خەلقئارا تېررورىستلارغا زەربە بېرىدۇ؛ تەشكىللىك جىنايەتچىلەرگە، ئوغرىلىقچە قورال يۆتكەش ۋە

خىروين ئەتكەسچىلىكىدىن ئىبارەت چېگرا ھالقىغان جىنايەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، دېيىلگەن.

باياناتتا يەنە: مەزمۇنلار، سىياسىي مۇددىئالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان بۆلگۈنچىلىرىگە قارىتىلدى.

# 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) خىتاينىڭ سەككىز نەپەر ساقچىسى مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

مۇشۇ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە خىتاينىڭ ساقچى ۋە قورال ساقچى قىسىملىرىدىن سەككىز نەپەر ساقچى بىر كېچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ پەرەزلىرىگە قارىغاندا، مەخپىي ئۆلتۈرۈش ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىشى ئىكەن.

شاڭگاڭ «جۇڭگو كىشىلىك هوقۇق» خەلق ھەرىكىتى «ئۇچۇر مەركىزى» خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: مۇشۇ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سىچۋەنلىك بىر كىشى قەشقەر شەھىرىدىكى ئائىلىسىگە تېلېفون ئۇرۇپ، تېلېفون بىر سائەتتە ئاران ئۇلانغان. قەشقەردىكى تۇغقانلىرى تېلېفوندا دۇدۇقلاپ ئۇنىڭغا: مۇشۇ ھەپتە قەشقەر شەھىرىدە زور ۋەقە بولغانلىقىنى، بىر كېچىدە سەككىز ساقچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. يەنە قەشقەر شەھىرىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنغانلىقتىن شەھەر خەلقىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

شاڭگاڭ گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ساقچى دائىرىلىرىگە تېلېفون ئۇرۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق، ئالاقىدار ساقچى ئورۇنلىرى «ئەھۋالنى ئۇقمايدىكەنمىز» دەپ جاۋاب بېرىپ، قەشقەردە سادىر بولغان ۋەقەنى ئىنكار

قىلدى. قەشقەر بىلەن باشقا جايلارنىڭ تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئالاقىدار تەرەپلەر سىم يولىدىن چاتاق چىقتى، دەپ چۈشەندۈردى.

«فرانسىيە ئاگېنتلىقى» مۇخبىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: قەشقەردە ھەقىقەتەن زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى، سەككىز نەپەر ساقچىنىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، مەخپىي ئۆلتۈرۈشنى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ۋە مىللەتچى ئۇيغۇرلارنىڭ پىلانلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىراق، «فرانسىيە ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان يەرلىك ئەمەلدارلار بۇنداق ۋەقەنىڭ قەشقەردە سادىر بولغانلىقىنى ئىنكار قىلدى.

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «ئالما گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: رادىكال ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارىتا، بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇداپىئە تەييارلىقىنى كۈچەيتكەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىل ئىچىدە قىسقارتىدىغان بەش يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ بىر قىسمىنى قوراللىق ساقچى قىسىملارغا ئايلاندۇرۇپ قۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە لەنجۇ قىسىملىرىغا قاراشلىق قۇرۇقلۇق 21 ــ ئارمىيىنىڭ 63 ـ دېۋىزىيىسىنى بۇ يىلنىڭ بېشىدا قوراللىق ساقچى قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىپ، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ باش شتابىغا قاراشلىق تارماق، ماتورلاشقان قىسىم قىلىپ قۇرۇپ چىقىدىكەن.

خەۋەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: 63 ــ دېۋىزىيە ماتورلاشقان قوراللىق ساقچى قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرىستانغا، مىللىي

بۆلگۈنچىلەرگە، رادىكال ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش بۇ قىسمىنىڭ ۋەزىپىسى بولىدىكەن.

قوراللىق ساقچى قىسىملار ئۇيغۇر مىللەتچىلەرنىڭ رادىكال مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ، رادىكال دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ھەرىكەت — پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىدىكەن. بۇ قىسىم پەرقلىق، خاراكتېرلىك، ئوخشاشمىغان دەرىجىلىك ئۇرۇش قىلىش لايىھىسىنى تۈزگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرىستان مىللەتچىلىرىگە، نىڭشا تۇڭگان بۆلگۈنچىلەرگە قارىتىلغان تەقلىدى، تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن، دۆلەتنىڭ ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ماتورلاشقان قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. بۇ ئىشلار بېيجىڭنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە، مۇقىملىقىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئوخشاشلا بىر كېچىدە ئۈچ ئورۇندا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئاممىنىڭ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، مۇستەملىكە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جاڭ دەن: (شىنجاڭ) دا تېرروروچىلار تەشكىلاتى پارچىلاندى، دېدى.

«8 ـ قېتىملىق يېپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى» ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، مۇخبىرلىق قىلغان شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «ۋېن خۇيباۋ»، «دا گوڭباۋ» گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى جاڭ دەننىڭ سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ھەقىقەتەن زوراۋانلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن.

جاڭ دەن: بۇ ئىش ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، سىياسىي بىلەن دىننى بىرلەشتۈرگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش، دېدى.

ئۇيغۇر مىللەتچىلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىلىرىدە ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغاپ خىتاينىڭ سەككىز نەپەر ساقچىسىنى ئۆلتۈردى. قاغىلىق ناھىيىسىدە

ساقچى ئىدارىسىنى ئاپتومات بىلەن ئوقۇتۇپ تۇتتى. گويا ناھىيىسىدە بىر كىچىك ھەربىي ئىسكىلاتنى بۇلاپ كەتتى.

ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ داۋاملىشىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا جاڭ دەن: ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىپ ئېغىر جازالىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى پارچىلاندى، دېدى.

# 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى، ئۇيغۇر مىللەتچىلەرنى باستۇرۇش بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئاساسلىق سىياستى بولۇپ كەلگەن. «تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن (شىنجاڭ) ئېلىپ تارقاتقان خەۋىرىدە ئاشكارىلىشىچە: بۇ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە ئىچكى، مەخپىي سۆھبەتتە، ھەرگىز يۇمشاقلىق قىلماي مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قاتتىق باستۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.

خەۋەر مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا: ساقچى دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتىنى قولغا چۈشۈرۈپ 20 نەپەر ئۇيغۇرنى قولغا ئالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن تېرروزچىلار ئىكەن. دائىرىلەر ئۇلارنى مەخپىي سوت قىلغاندىن كېيىن ئېتىپ تاشلايدىكەن.

خەۋەر مەنبەلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە: 1996 ـ يىلى 10 ـئايدا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار، ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قىزىلتاغقا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستاننىڭ بايرىقىنى قاداپ قويغان. بۇ ئەھۋال دائىرىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن، لېكىن بايراقنى قاداپ قويغان كىشى ھازىرغىچە قولغا چۈشمىگەن.

بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولىسىمۇ، خىتاي كۆچمەنلىرى نوپۇسىنىڭ 40% نى ئىگىلىسىمۇ لېكىن، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار خىتاي مىللىتىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان مىللىي ئالاھىدىلىككە، دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغانلىقتىن مىللەتچىلىكنى چاقىرىق قىلغان مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ مۇستەقىللىق تەشەببۇسلىرى، ئۇيغۇرىستاندا زور قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە ئىكەن. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمران دائىرىلەرنى ئىنتايىن قاتتىق ئەنسىرەتمەكتە. شۇڭا جياڭ زېمىن 7 ــ ئايدا سۆزلىگەن سۆزىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇشنى تەكىتلەپلا قالماي، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ سىياسىي جىددىيلىكنى پەسەيتىشنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

بېيجىڭ دائىرىلىرى ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، سىياسىينى يېتەكچى قىلغان مىللەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى بازار تاپالماي پەسكويغا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇڭا بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆپەيتىشنى جىددىيلەشتۈرگەن.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 8 ــ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى:

بۇرۇن ساقچى قىسىملىرى، بىخەتەرلىك سىستېمىسى ۋە سىياسىي قانۇنغا مەسئۇل بولغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ 3 ــ قول رەھبىرى چياۋشى،

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا سەككىز كۈن زىيارەتتە بولۇپ، بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، قەتئىي زەربە بېرىش، ھەرگىز ئىككىلەنمەسلىك كېرەك، دەپ يوليورۇق بەرگەن. بۇنداق يوليورۇق شۇ يەر ۋەزىيىتىنىڭ قانچىلىك جىددىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاشكارا قىلىشىچە: چياۋشى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ۋاڭ لېچۇەننىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن. چياۋشى ئۈرۈمچىدە ۋاڭ لېچۇەننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ھالقىلىق خىزمەت قىلىپ تۇتۇشنى جېكىلىگەن.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر خەۋىرىدە: شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى برونېۋىك قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش ئەترىتى، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە تاغ ئارىسىدا تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ھەربىي مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن. بۇ پاراتنى چياۋشى قوبۇل قىلغان.

## 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 7 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار ۋە مۇستەقىل تىبەتچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى كۈنسايىن ئاشكارا تۈس ئالغانلىقتىن خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ جۇڭگو چېگرىلىرىدىن كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىياسىي ھوقۇق مەركىزى بېيجىڭ، يېقىندا چەت ئەللىكلەر چۈشىدىغان مېھمانخانىلارغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان، ئافغانىستان، مىسىر، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار مېھمانخانىغا كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دەرھال ئالاقىدار تارماقلارغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ يىلدىن باشلاپ ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىرى جىددىيلەشتى. چۈنكى، ھىندىستان يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىشنىڭ سەۋەبىنى 1 ـ دەرىجىلىك دۈشمەن جۇڭگونىڭ تەھدىتىدىن قوغدىنىش، دەپ جاكارلىدى. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى 1962 ـ يىلدىن بېرىكى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا شاڭگاڭ «ئەينەك گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتلىرى نۆۋەتتە ئافغانىستان ـ تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئىمىش. كوممۇنىست خىتاينىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى باشقۇرغۇچى ۋەكىلى ۋاڭ لېچۈەن: تالىپلار مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنى تەربىيىلەپ ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) غا

قايتۇرۇپ، تېررورىزم بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياردەم بەردى، دەپ ۋالاقشىدى. قازاقىستان بىلەن تۈركىيىگە كەلسەك، خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ توپلىنىش جايىغا ئايلىنىپ، بۇ دۆلەتلەردە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرسىدە بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئاللىقاچان مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) چېگرىسىغا يېقىنلاشتى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنى يوشۇرۇن قوللايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

# 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

خۇلاسە...

1998 ــ يىل ئاخىرلاشتى. 1998 ــ يىلى 6 ــ ئايدا پرېزىدېنت كىلىنتون ئەپەندى 1989 ــ يىلى تيەنئەنمىندە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدىن كېيىن تۇنجى قېتىم جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى، قالاق، ئەنئەنىۋى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئويغىنىش خاراكتېرلىك غۇلغۇلا پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ لېكىن، جۇڭ نەنخەيدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە پرېزىدېنت كىلىنتون ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى مەخپىي (بۇ توغرىدا كېيىن نەشر قىلىنىدىغان كىتابىمىزدا تەپسىلىي توختىلىمىز) تىبەت مەسىلىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو رەھبەرلىرىنى تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى ۋە شۇنداق شەرتلەر بويىچە جۇڭگو، ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشقا ماقۇل بولدى.

پرېزىدېنت كىلىنتون زىيارىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 10 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرىنىڭ سۆھبىتى باشلاندى. سۆھبەتنىڭ باشلىنىشى ھېچبولمىغاندا جۇڭگو، ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ سۆھبەتنىڭ سىياسىي مەزمۇنى نېمە؟ ئەگەر ئىككى دۆلەت سۆھبەتتىن كېيىن ئاتالمىش ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىغا قەدەم تاشلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرى بىرلەشكەندە قانداق دۆلەت شەكلىنى تاللاپ ئالىدۇ؟ جۇڭگو،

تەيۋەن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت بۇ، سۆھبەتنىڭ باشلىنىشىمۇ ياكى سۆھبەت ئامېرىكا، جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، سۆزلىشىش تاماملانغاندىن كېيىن ئەمدى، جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرىنىڭ سۆھبەت ئارقىلىق رەسمىيەتچىلىكىنلا ئادا قىلىشى قالغانمۇ، ـ قانداق؟ سياسىيون دالاي لاما بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىنىنىڭ مۇناسىۋەتتى قايسى باسقۇچقا قەدەم قويىدى؟ تىبەتنىڭ سياسىي ئورنى توغرىسىدا، دالاي لاما قانداق سياسىي شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ شەرتلەرنى جياڭ زېمىن قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلالىدى؟ دالاي لاما بىلەن جياڭ زېمىن قاچان، قەيەردە كۆرۈشمەكچى بولىدى؟ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوينىغا سۆرەپ كىرىش سياستى زادى قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟

چەت ئەللەردە سياسىي كۆزەتكۈچىلەر ۋە مەخسۇس ستون يازغۇچىلار «1998 ـ يىلى، ئۇلۇغ بىر يىل، كارامەتلەرگە تولۇپ ـ تاشقان بىر يىل بولىدۇ»، دېيىشكەن. 1998 ـ يىلى كۆزەتكۈچىلەر ئېيتقاندەك ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش يىلى بولدى. ئاۋۋال 2 ـ ئايدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئامېرىكا بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن جىن داجۇڭ جەنۇبىي كورېيىدە تەختكە چىقىپ، جەنۇبىي كورېيىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، كورېيە يېرىم ئارىلىدا دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى تەنتەنە قىلدى.

5 ـ ئايدا ھىندونېزىيىدە سياسىي ۋە ئىقتىسادى داۋالغۇش يۈز بېرىپ، جەمئىيەت بوھران دەۋرىگە كىرگەندە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبىرايت سوخاتوغا تېلېفون بېرىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ

مۇستەبىتى سوخاتو ئىككى سائەتتىن كېيىن تەختتىن چۈشتى. ھىندونېزىيىنىڭ مۇستەملىكىسى شەرقىي تېمورنىڭ مۇستەقىل بولۇشى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۆپ تەرتىپكە قويۇلدى. 5 ـ ئاي ئىچىدە يەنە ئىككىنچى ئاسىيا قورۇقلۇقىدىكى ھىندىستان يادرو بومبىسى پارتلىتىپ، جۇڭگونىڭ تەھدىتىگە قارشى تەھدىت پەيدا قىلىپ ئاسىيانىڭ ھەربىي ئىشلار مۇۋازىنىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا ھەپتىلىك ژۇرنىلى» بۇ ھەقتە توختالغاندا: ھىندىستاننىڭ يادرو بومبىسى پارتلىتىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسىتىنىڭ ئىككىنچى ئاسىيا قورۇقلۇقىدا ئىپادىلەنگەن يېڭى ئالامىتى، دەپ يازدى. ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن سىياسىي تەۋرەش ۋە ئىقتىسادى بوھران، ھەربىي مۇۋازىنەتنىڭ ئاسىيادا بۇزۇلۇشى جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسىغا ئىنتايىن ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگونى بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئاسىيادىكى بۇ خىل تەۋرەش جۇڭگونى قامال قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنىڭ بېسىمىدىن پەيدا بولغان تەۋرەش بولۇپ، ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەنە شۇنداق ۋەزىيەت يارتىلغاندىن كېيىن، پرېزىدېنت كىلىنتون 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭ سەپىرىنى باشلىدى.

پرېزىدېنت كىلىنتون جياڭ زېمىنغا قانداق سوۋغا تەقدىم قىلدى؟ ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئامېرىكىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى تەقدىم قىلدى. بۇ سوۋغا بۇ قېتىم پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبىتىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامىتى

بولۇپ قالامدۇ، ـ قانداق؟ مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى ۋەتەنداشلىرىمىنىڭ سىياسىي تەپەككۇرىغا قالدۇردۇم.

ئەسلىدە پرېزىدېنت كلىنتۇن 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بېيجىڭغا زىيارەتكە بارماقچى بولغاندا، بۇ زىيارەت جۇڭگو، تەيۋەن ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سۆھبەت باشلىشىنى شەرت قىلاتتى. سۆھبەت 1 ـ ئايدا باشلانمىغانلىقتىن پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ بېيجىڭ زىيارىتى 6 ـ ئايغا كېچىكتۈرۈلدى. غەيرىي ئالامەتلەرنى بەلگە قىلغان ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن سىياسىتى شۇ ئارىلىقتا ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرىپ، ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ تۈرلۈك قانۇنلارنى ماقۇللىشى ئارقىلىق تەيۋەننىڭ خەلقئارا ئورنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2 ـ ئايدا ئامېرىكا كونگرېسى ۋە ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەيۋەننىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى تەستىقلىشى بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك ئالامەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقى، ئەينى چاغدا پرېزىدېنت رېگاننىڭ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ نۇتۇقنىڭ جۇڭگو ۋە خەلقئاراغا كۆرسەتكەن تەسىرى، پرېزىدېنت رېگاننىڭ ئەينى چاغدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تەسىرىدىن كەم بولمىدى. 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ شاڭگاڭدا سۆزلىگەن نۇتقى يەنە ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىغان بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھەقىقەتەن تىنچ ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردىمۇ، ـ قانداق؟ دەيدىغان سوئال خاراكتېرلىك تۇيغۇغا غەرق بولغانىدى. بۇ نۇتۇقلار

ئەمەلىيەتتە بىر خىل سىياسىي چاقىرىق بولۇپ، يېتەكلەش، «جۇڭگونى تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇشقا» يېتەكلەشنى مەزمۇن قىلغان ئىدى.

پرېزىدېنت كىلىنتون: «جۇڭگو تىنچ ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىردى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە:

ـــ «جۇڭگو ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرماقتا، مۇبادا مەن مۇشۇنداق ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ جەريانىغا رىياسەتچىلىك قىلسام، ئۆتكۈنچى دەۋردە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولاتتىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، خۇددى ئامېرىكىلىقلار، رۇسىيە پارچىلىنىش دەۋرىگە كىرگەندە، ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك، ئەمدى جۇڭگو تىنچ ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرگەندە، ئامېرىكا، ئوخشاشلا جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

تەيۋەن، جۇڭگو سۆھبەت باشلاشتىن بۇرۇن، خىتاينىڭ سۆھبەت تاكتىكىسى ــ تەيۋەن، جۇڭگو سۆھبىتىنى كېچىكتۈرۈش؛ ئامېرىكىنىڭ مەقسىتى تەيۋەن، جۇڭگو سۆھبىتىنى تېزلىتىش ئىدى. سۆھبەتنى كېچىكتۈرۈش، خىتاينىڭ مەقسىتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرىستان، تىبەتكە خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ، يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي تەركىبىنى، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆزگەرتىشتىن دېرەك بەرسە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو، تەيۋەن سۆھبىتىنى تېزلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى خىتاي ياراتماقچى بولغان ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

جۇڭگو، تەيۋەن سۆھبىتى ئارقىلىق ئىككى دۆلەت قانداق شەكىلدە «بىرلىككە» كەلمەكچى؟ ھازىرغىچە ئىككى دۆلەت تېخى كونكرېت بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەيرىي رەسمىي سۆھبەتلەردە: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى تەيۋەن خىزمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن يۈن لىن: «كونفېدېراتسىيە ياكى فېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى» بويىچە ئىككى دۆلەتنى «بىرلىككە» كەلتۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېن يۈن لىن: «جۇڭگو تارىخىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرىدە پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن. لېكىن باشتىن ــ ئاخىر بىر جۇڭگو بولۇپ كەلگەن. بىر جۇڭگو پرىنسىپى بويىچە ھەرقانداق دۆلەت شەكلى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شاڭخەي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈشىن تيەن، شاڭگاڭ گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە دۆلەت سىستېمىسى تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرگە ئىگە بولدى. كونفېدېراتسىيە ياكى فېدېراتسىيىدىن ئىبارەت كۆپ خىل دۆلەت شەكلى ئوتتۇرىغا چىقتى، تەيۋەننىڭ ئۆزىنى ــ ئۆزى باشقۇرۇش ئورنىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دىڭخۇي: تۈزۈم خاراكتېرلىك بەسلىشىش، سىياسىي دېموكراتىيە ياكى ئىقتىسادى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ شۇ ئاساستا تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلغان تەيۋەن، شۇ تەرىقىدە دېموكراتىك يۈزلىنىشنى تەيۋەن بىلەن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى، دەپ قارايدۇ» دەپ بېكىتتى.

پرېزىدېنت لى دېڭخۇي: «بىز جۇڭگودا يېقىنقى دەۋرلەردە دېموكراتىيىنىڭ تولۇق ئومۇملىشىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز؛ بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگوغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك، ئەمما، بىز جۇڭگونىڭ نۆۋەتتە مەتبۇئات، ئاخبارات چەكلىمىسىنى قويۇۋېتىشىنى، پارتىيە قۇرۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىلىش، نامايىش قىلىش ھوقۇقلىرىنى قويۇۋېتىشىنى، جۇڭگودا كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ شۇنداق قىلىش جۇڭگودا تامامەن مۇمكىن» دېدى. دېمەك، تەيۋەننىڭ سىياسەتۋازلىرى، جۇڭگو سىياسەتۋازلىرىنىڭ ئەجەللىك يېرىدىن تۇتتى. مۇبادا جۇڭگو، «بىرلىككە» كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، تەيۋەن سىياسەتۋازلىرىنىڭ يۇقىرىقى تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى لاي بۇتنىڭ دەريادىن ئۆتكىنىدەك بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ؟

تەيۋەن، جۇڭگو سىياسەتۋازلىرىنىڭ، «بىر جۇڭگو»، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» دەيدىغان سىياسەتلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ ــ قىلمامدۇ؟ جۇڭگو، تەيۋەن سىياسەتۋازلىرىنىڭ تەيۋەن بىلەن جۇڭگونى «بىرلىككە» كەلتۈرۈش سىياسىتىنى قوبۇل قىلامدۇ، ـ قىلمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن خەلقئارا سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر: سۆھبەت ئامېرىكا، جۇڭگو، ئامېرىكا، تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا سۆزلىشىپ تاماملىنىپ، جۇڭگو بىلەن بىرلىككە كەلگەن تەيۋەننىڭ كەلگۈسى دۆلەت شەكلىمۇ بېكىتىلىپ بولدى، ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇۋاتقان «گوجىنخو ــ ۋاڭ داۋ خەن سۆھبىتى» پەقەت رەسمىيەتچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىشقىلا مەسئۇل دېيىشتى. شۇڭا، جۇڭگو تەرەپ، تەيۋەن خىزمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن يۈن لىن:

«تەيۋەننىڭ خەلقئارا ئورنى ۋە ئۆتكۈزۈلىدىغان، تەيۋەن جۇڭگو سۆھبىتىنىڭ ئومۇمى جەريانى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە چۈشىنىشلىك» دەپ كۆرسەتكەتتى.

تاشقى دۇنياغا قويرۇق شىپاڭلىتىپ، ئىچكى جەھەتتە خەلققە پوپوزا ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ، تەيۋەن مەسىلىسىنى خەلقتىن يوشۇرۇپ كەلگەن، تەيۋەن مەسىلىسىنى بۇرمىلاپ كەلگەن، «تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى»، «تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى» دەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن جۇڭگو، سىياسەت مەنتىقىسىنى ئەزەلدىن بىلمەيدىغان، بىلسىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان مىللەتچى، خىتاي كۆرەڭلىرى: «تەيۋەن مەسىلىسى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە»، «تەيۋەن مەسىلىسى ياپونىيە، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە» دەپ  تەشۋىق قىلىشنىمۇ توختاتمىغان ئىدىغۇ؟ ئەجەبا، تەيۋەن مەسىلىسى ئامېرىكا، ياپونىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا «نازۇك مەسىلە»، «سەزگۈر مەسىلە» ئىكەن. ئۇنداقتا، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ «ئىچكى» مەسىلىسى ئەمەس ئىكەنغۇ؟ تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنداقتا، خەلقئارادا «نازۇك مەسىلە»، «سەزگۈر مەسىلە» بولۇشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟

# پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ جۇڭگو زىيارىتى

پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا: «جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇق دائىرىسى زادى قەيەردىن قەيەرگىچە»، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قارىشىغا، كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي سۆھبىتىدە مۇنازىرە پەيدا قىلغۇچى ئاكتىپ ماۋزۇ بولغاندىن باشقا، ئۇزۇندىن بېرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىۋاتقان، ھالقىلىق ۋە سەزگۈر مەسىلىلەر ئىدى. مۇشۇ ماۋزۇلار ئاساسىدا پرېزىدېنت كلىنتون شاڭگاڭنىڭ دېموكراتىيىسى مەسىلىسى، تەيۋەن مەسىلىسى، تىبەت مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسىلىسى 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويدى. تارىختا چوڭ دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيىنىڭ بىر تەرىپى ئاشكارا بولسا، يەنە بىر تەرىپى مەخپىي بولۇپ كەلگەن. شۇڭا پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭدا دالاي لاما ۋە تىبەت مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ: «مېنىڭچە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دىنى مەسىلە ئەمەس، سىياسەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نەزىرىنى تىبەتكە ئاغدۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ھەرىكەتچان ئېلىپ بېرىلغان چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقىدا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئالساق، ئۇنداقتا، ھازىر چوڭ دۆلەتلەر ئارا قاتناپ يۈرگەن دىپلوماتلارنىڭ پائالىيەتلىرى يەنە قانداق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى نىشان قىلغان ؟، دەپ سوئال قويساق،

بۇ سوئالغا سىياسىي رېئاللىقنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى جاۋاب بەرسۇن، دەيمىز خالاس!

تىبەتنىڭ سىياسىي سۆھبەت ۋەكىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋېنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن بىر قېتىم، نيۇ-يورك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق خىتاي كونسۇلىنىڭ ۋەكىلى بىلەن بىر قېتىم مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تىبەت مەسىلىسىنى ئىزچىل تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى كلىنتون 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «مەن قوشۇلىمەن... جانابلىرى! (جياڭ زېمىن) مېنىڭ يەنە بىر قېتىم دالاي لامانى تىلغا ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلىشى كېرەك، ئاۋۋال مەن تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمەن... تىبەت جۇڭگودىكى ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرسى، بۇ تەرەپنى قاچان ئېتىراپ قىلىش دالاي لاما بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبەت قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى... تىبەتلىكلەر دالاي لامانى ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە مەنىۋى داھىيمىز، دەپ ئاتايدۇ... بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى سىياسەت، مەن دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ سەمىمىي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەگەر جياڭ زېمىن ئەپەندى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرىدىغانلار بولسا، دالاي لامانى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى.

پرېزىدېنت كلىنتون بېيجىڭ زىيارىتىدە ۋە بۇ قېتىمقى بېيجىڭ سۆھبىتىدە دالاي لاما ۋە تىبەت مەسىلىسىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلە بويىچە سىياسىي

بىسمغا دۇچ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى 1998 ــ يىلى 7 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دالاي لاما بىلەن بېيجىڭدا رەسمىي سۆھبەت قۇرۇشنى قارار قىلدى. دالاي لاما جاۋابەن: شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ تەيسەن تېغىدا، بۇتخانىدا جياڭ زېمىن بىلەن ئۇچرىششنى تەكلىپ قىلدى، ئۇچرىششتىن كېيىن دالاي لاما لخاساغا قايتىدىغان، جياڭ زېمىن بېيجىڭغا قايتىدىغان بولدى. جياڭ زېمىن، دالاي لاما ۋە تىبەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ھەل قىلىشنى تارىخى ۋەزىپە دەپ قارىغان ئىدى.

دالاي لاما يېقىندىن بېرى «تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، تىبەت پەقەت ئۆزىنى ــ ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك؛ دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولسا بولىدۇ» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ كەلگەن. دالاي لاما ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇنداق سىياسىي تەشەببۇسنى تەكرارلاۋېرىش ئۇڭايغا توختامدۇ؟ تىبەتنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە تەۋەلىكى مەسىلىسىنى بىر دالاي لاما ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟ تىبەتنىڭ تەۋەلىكى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇشىنىڭ دۆلەت شەكلىنى ياكى مەمۇرى شەكلىنى تىبەت خەلقى سايلاپ چىقىدىغان پارلامېنت قانۇن تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىش ئەمەسمىدى؟

ھەرخىل سىياسىيونلار ھەرخىل سورۇنلاردا ھەرخىل سىياسىي ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: پرېزىدېنت كلىنتون بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە شاڭخەيدە تەيۋەننى («ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق») سىياسىتىنى ئاغزاكى ئوتتۇرىغا قويغاندەك ۋە تىبەتنى جۇڭگونىڭ بىر

قىسمى، دەپ قارىغاندەك، بۇنداق ئاغزاكى ئوتتۇرىغا قويۇشلار پەقەت ئاغزاكى سورۇن سىياسىتىگە تەۋە بولۇپ ھەرگىز قانۇنى ھۆججەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. تىبەت ۋە تەيۋەننىڭ تەۋەلىكىنى سىياسىي ئورنىنى بېكىتىشتە ئەلۋەتتە، ئامېرىكا پارلامېنتى قانۇن چىقىرىشى كېرەك. جۇملىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى ھەم شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تىبەت خەلقىگە ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

# جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا كەلسەك، ئەنگلىيىنىڭ «تايمس گېزىتى» 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى 50 يىلغا قەدەم قويغاندا ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي، ئىقتىسادى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ (جۇڭگونىڭ) سوۋېتلار ئىتتىپاقى پارچىلانغاندەك پارچىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك، كۆپلىگەن سىياسىي مۇتەخەسسىسلەر كېلەر يىلى جۇڭگو قۇرۇلۇقىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن زور مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشماقتا» دەپ يازدى.

شۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا، بۇ يىل 10 ـ ئايدا (98 ـ يىلى) «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىم تۇنجى بولۇپ جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. پرېزىدېنت كلىنتونىنىڭ بېيجىڭدا، شاڭگاڭدا سۆزلىگەن چاقىرىق كۈچىگە ئىگە نۇتۇقلىرى جۇڭنەنخەينى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن... شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى جەمئىيەتنى ئاز ـ تولا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە پارتىيە قۇرۇش، تەشكىلات قۇرۇش دولقۇنى

قوزغىلىپ كەتتى. مەسىلەن: «جۇڭگو تەرەققىيات بىرلەشمىسى» (زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن) بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بىراقلا 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. «جۇڭگو دېموكراتىك ئادالەت پارتىيىسى» (خىتاينىڭ 18 ئۆلكىسىدە پارتىيە قۇرۇشتىن ئاۋۋال (تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇپ خىتاينىڭ خەلق ئىشلار نازارىتىگە تىزىمغا ئالدۇردى)، دېمەك جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا پارتىيىلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى موگودەك كۆكلەپ، جۇڭگودا ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن دېرەك بەردى. خىتاينىڭ خېنەن، لياۋنىڭ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە پارتىيە ئەزالىرى تۈركۈملەپ كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال خىتاي پۇقرالىرى كۈتۈپ كەلگەن، ئەمما، 50 يىلدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى كلىنتون ئېلىپ كەلگەن «غەرب شاملى» ئەمەسمۇ؟ تۈنۈگۈنلا «ياق» دېگەن جۇڭگولۇق خىتايلار بۈگۈن نېمىشقا ئامېرىكىلىقلارغا «ماقۇل»، «ماقۇل» دېيىشكە باشلىدى؟

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاشقى سىياستى نېمە؟ سىياسەت داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سىياسەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ماھىيىتى نېمە؟ پېقىر بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن، ھازىرقى دۇنيادا ئامېرىكا بەلگىلىگۈچى دۆلەت ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن دۆلەت، دەپ قارايمەن. باشقا دۆلەتلەر كۆپىنچە بەلگىلەنگۈچى دۆلەتلەر ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن دۆلەتلەردۇر.

چەت ئەللەردە سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر: جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، تېخى جۇڭگو پۇقرالىرى، ھېس قىلىپ يېتەلمىدى، چۈشەنمىدى، دېيىشتى. جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىي ئامىللار نېمە ئىدى؟ ئەلۋەتتە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى، دەپ جاۋاب بەرسەم ئۆزۈمچىلىك ھېسابلانماس.

1979 ـ يىلى ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن 1980 ـ يىلى ئامېرىكا، جۇڭگوغا سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تەقدىم قىلدى. مۇنداق ئېيتقاندا ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك گۇمران بولۇشىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى ئامېرىكا قۇتقۇزۇپ قالدى... دېگەن سۆز. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى بەش ئۆلكە ئىشلەپ چىقارغان يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تۆۋەن ھېسابات باج بىرلىكىدە ئامېرىكا بازارلىرىغا كىرەلەيدىغان بولدى. يەككە تىجارەتچىلەر قوشۇنى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق جايلاردا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. خىتاي ھالاكەتلىك گۇمران بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن بىر كوممۇنىزم دۆلىتىنى ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى؟ ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ھازىرقى ۋەزىيەت ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاشقى سىياسىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. جۇڭگودا ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش.

2. جۇڭگونى خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىغا سۆرەپ كىرىش.

3. جۇڭگونى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا سۆرەپ كىرىپ، جۇڭگونىڭ ساختا قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى بىتچىت قىلىش.

4. جۇڭگونى ئوبيېكت قىلغان ھالدا خەلقئارا سىياسەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، بۇنىڭغا خەلقئارا ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش.

5. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامە، خىتابنامە، قانۇنلىرىغا جۇڭگونىڭ ئىمزا قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئەمەل قىلىشقا زورلاش.

6. ئامېرىكا، جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك سۆزلىشىش فۇنكسىيىسى تۇرغۇزۇش.

7. بەلكى جۇڭگونىڭ تىبەت، ئۇيغۇرىستاندىن باشقا مەمۇرى تۈزۈلمىسىنى ئۆلكىلەر ئارا فېدېراتسىيىلەشتۈرۈش. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر تەدبىر شۇكى، 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، خىتاينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سېكرېتارى خۇ ياۋباڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) توغرىسىدا 6 ماددىلىق سىياسەت، تىبەت توغرىسىدا 6 ماددىلىق سىياسەت تۈزۈپ، ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا خىتاي مۇستەملىكە مەمۇرى ئاپپاراتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىن، تىبەتتىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلغان ئىدى. بۇ مەسىلە بويىچە ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان چاغدا ئامېرىكا قانداق رول ئوينىدى؟ ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

يۇقىرىقىلار ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە، دىپلوماتىك سۆزلىشىشلەردە داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە سىڭىپ كىرىدىغان، بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتنى ئارقا تېرەك قىلغان ۋە ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تاشقى سىياسىتى بىر سىياسىي توقماق

بولۇپ جۇڭگولۇقلارنىڭ بېشىغا داۋاملىق ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان سىياسەت ئىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنى بىر ــ بىرلەپ ئانالىز قىلىشىمىز، كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت «ئەركىن سودا» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى!

بىر دۆلەتتە ياكى بىر جەمئىيەتتە ئەركىن سودا يولغا قويۇلىدىكەن، شۇ جەمئىيەت ئەركىن جەمئىيەت، شۇ دۆلەت ئەركىن دۆلەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق جەمئىيەت ۋە شۇنداق دۆلەتكە مۇۋاپىق قانۇن ــ نىزاملار تۈزۈلۈشى كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىساد ساھەسىدە دۆلەت مونوپولىيىسىنى يولغا قويىدىكەن. دېمەك بۇ دۆلەتتە، جەمئىيەتتە ئەركىن سودىدىن، بازار ئىگىلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەركىن سودىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئامېرىكا، جۇڭگو تەرەپكە تەكلىپ بەرگەن ئىكەن، دېمەك جۇڭگو دۆلەت مونوپولىيىسىنى بىكار قىلىشى كېرەك، جۇڭگودا ئىقتىساد ساھەسىدە دۆلەت مونوپولىيىسى بىكار قىلىنغان كۆن. ئۇنداقتا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنى ئاخىرلاشقان بولامدۇ ياكى باشقىچە بولامدۇ؟ جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىدىغانلا بولسا، يۇقىرىقى تەرتىپلەرنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى يۇقىرىقى تەرتىپلەرنىڭ تاشقىرىدا تۇرامدۇ؟ ئۇنداقتا، غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگوغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟

ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ۋە تەكلىپلەرنى جۇڭگودا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى، پىلانلىرىنى ۋە ئامېرىكىغا يول

قويۇشنىڭ دەرىجىسىنى، ئامېرىكا بىلەن ئىستراتېگىيىلىك سۆزلىشىشنىڭ تەرتىپلىرىنى، مەزمۇنلىرىنى، كۆرسەتكۈچلىرىنى خىتاي پۇقرالىرىدىن يوشۇرۇپ پەقەت «ئامېرىكا، جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى» دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان جۇڭگو، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان «ياخشى مۇناسىۋەتلەر»نىڭ قانداق تۆرەلمىگە ھامىلدار ئىكەنلىكىنى پۇقرالاردىن خۇپىيانە تۇتۇپ كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلار ئىدى.

پرېزىدېنت كلىنتون جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسىتىنىڭ دىققەت مەركىزىنى تەيۋەنگە قاراتتى. پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ بېيجىڭدا، شاڭخەيدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى، شاڭگاڭدا سۆزلىگەندە جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرىگە نېمە، دەپ چاقىرىق قىلغانلىرىنى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشمەي جۇڭگو رەھبەرلىرى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز كېيىنكى باسقۇچقا قالدۇرۇپ، پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ شاڭخەيدە «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق» توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. جياڭ زېمىن «ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىقنى» خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى زىيارەت قىلىپ رۇسىيىگە يېتىپ كەلدى. رۇسىيىنىڭ پرېزىدېنتى يېلتسىن، پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ «تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق سىياسىتى»گە بىر ماددا «تەيۋەنگە قورال ـ ياراغ سېتىپ بەرمەسلىك» دېگەن بىر ماددىنى قوشۇپ ۋەدە بەردى. جياڭ زېمىن

رۇسـسيىدىن «تەيـۋەننى تـۆت جەھەتـتە قوللىماسـلىق»نـىڭ كاپـالىتىگە ئېرىشتى. جياڭ زېمىن كەينـى ـ كەينـدىن غەلـبە قىلـدى، دىپلوماتىيە ساھەسىدە جياڭ زېمىننىڭ شـۆھرىتى ئېشـشقا باشـلىدى. ئـۆزىنى قەيەرگە قويۇشـى كېـرەك؟ يـاپونىيىنىمۇ شـۇنداق ۋەدە بېرىـشكە زورلاش كېـرەك. پرېزىدېنت كلىنتۇننىڭ پرېزىدېنت يېلتسىننىڭ تەيۋەن توغرىسىدا شۇنداق ۋەدىلەرنى بېرىشى ئاسان گەپمـۇ؟ يـاپونىيىمۇ شـۇنداق كاپـالەت بېرىـدىغانلا بولسا، تەيۋەن قېچىپ نەگىمۇ بارالايتتى؟

1998 ــ يىلـى 11 ــ ئاينـىڭ 25 ــ كـۈنى رەئىـس جيـاڭ زېمـىن موسـكۋادىكى زىيـارىتىنى ئاخىرلاشـتۇرۇپ، شـۇنداق ۋەدە ئـېلىش ئۈچـۈن ياپونىيىگە زىيارەتكە كەلدى. جياڭ زېمىن ياپونىيىنىڭ ۋەزىرى شاۋ چـۋەنگە: «پرېزىـدېنت كلىنتـۇن، پرېزىـدېنت يېلتـسىن تەيـۋەن توغرىـسىدا ئـاغزاكى ئىپادە بىلدۈرگەندەك ياپونىيە تەرەپمـۇ تەيـۋەن مەسىلـسى بـويىچە ئوخـشاشلا «ئـۈچ جەھەتـتە قوللىماسـلىق سىياسـتى»نـى جاكارلـىشى كېـرەك، دەپ دىپلوماتىك تەكلىپ قويغاندا، بۇ تەكلىپ ياپونىيىنىڭ ۋەزىـرى شـاۋ چۋەننـىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. جياڭ زېمـىن «يـاپونىيە جۇڭگوغـا تاجـاۋۇز قىلغان تـارىخنى ئېتىـراپ قىلـىپ، جۇڭگـودىن ھۆججەتلـىك ئەپـۇ سورىـشى كېرەك» دەپ دىپلوماتىك تەكلىپ قويغاندا، بۇ تەكلىپمۇ ياپونىيىنـىڭ ۋەزىـرى شاۋ چۋەننىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. يەل توپقـا ئايلىنىـپ قالغـان جياڭ زېمىننىڭ شۇ ئەسنادا يىلى چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە پادىشاھى جياڭ زېمىننى كۈتـۈۋېلىش زىيـاپىتى ئۆتكۈزگەنـدە، جيـاڭ زېمـىن قەدەھ كۆتـۈرۈپ: «ئىككـى جۇڭگـو پەيـدا قىلـىش، تەيـۋەن مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە باشقا ھەرىكەتـلەر تەيـۋەن بوغـۇزى ــ

بۇ رايوندا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشى، تەيۋەننىڭ تەۋەلىكى، سىياسىي ئورنى توغرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ دۆلەتلەر ئارا يولغا قويۇلغان مۇجمەل دىپلوماتىيىنىڭ ۋە سىياسىي خاراكتېرلىك مەقسەتلەرنىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتىنىڭ تولۇق ئاشكارىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

جياڭ زېمىن ۋەتىنىگە قايتىپ كەتتى. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى، بۇ قېتىمقى ياپونىيە زىيارىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟ دەپ سوئال قويدى. جۇڭگونى زىيارەت قىلىشتىن ئاۋۋال پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ ياپونىيىنى زىيارەت قىلىشى، ئامېرىكا، ياپونىيە بىرلەشمە مۇداپىئە كېلىشىمى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك، دەپ خۇلاسە چىقارغان جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ياپونىيىگە قارىتىلغان تاشقى سىياسەتنى تەكشۈرگەندە ئەمدى ياپونىيە ئاملى بىلەن ئامېرىكا ئاملىنى قايتا ئويلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە جياڭ زېمىن داغدام يولدا ھۇرۇن ئىشەكتەك يېتىۋالدى. ئامېرىكا، جۇڭگو شېرىكلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن يېنىۋالدى، جياڭ زېمىن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇتەيشەن بۇتخانىسىدا دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈش ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى. تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش مۇساپىسىغا كىرگەن جۇڭگونىڭ شۇنداق ئۆزگىرىشىدىن يېنىۋالدى، ئۇيغۇرىستاندا يۇز كۈنلۈك باستۇرۇش سىياسىتىنى، تېبەتتە باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. كوممۇنىستىك پارتىيىدىن چېكىنگەن

خىتتايلارنى، جۇڭگودا ئۆكتىچى پارتىيە قۇرغان، تەشكىلات قۇرغان خىتتايلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا، جۇڭگو بۇ دۆلەتنى «قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدىغان دۆلەت» دەپ تەرىپلىدى. ئەمدى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى قانداق ئۆزگىرىش هاسىل قىلىدۇ، دۇنياۋى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى كېلەر يىلى قانداق بولىدۇ؟ ئاللاھ ھەممىمىزگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن![1]

[1] ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم 1999 ـ 2000 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى بۇنىڭدىن كېيىن نەشىر قىلىنىدىغان «ئىنقىلاب ۋە هايات» ماۋزۇلۇق كىتابىمغا كىرگۈزۈلىدىغان بولغانلىقتىن «مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى» ماۋزۇلۇق بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىدى. سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

# 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 12 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر گېزىتنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىدىكى ئەنسىز مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا بۇرۇن كۆپ قېتىم تېرورلۇق ھەرىكىتى قوزغىغان «ئىسلام قوراللىق گۇرۇپپىسى»نى قولغا چۈشۈردى.

«خەلق ئەدلىيە گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يېقىندا ئوچۇق سوت يىغىنى چاقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيىسى» ئەزالىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى. باش «جىنايەتچى» ئەركىن ئابدۇللاھقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: ئەركىن ئابدۇللاھ، 1993 ــ يىلى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ كورلا شەھىرىدە «ئىسلام ئۆكتىچى پارتىيىسى»نى قۇرۇپ، بۇ پارتىيىنىڭ ئىسمىنى 1996 ــ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيىسى»گە ئۆزگەرتكەن. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) ھەرقايسى جايلىرىدا ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 113 نەپەرگە يەتكەن.

خەۋەردە يەنە مۇنداق دېيىلدى: بۇ تەشكىلات ئوق ــ دورا، تەشۋىقات ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ ھەرقايسى شەھەرلەردە ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت،

ناھىيىلەردە تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ ئۆلكىدە، شۇ زېمىندا ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرىدىغان مەقسەتكە يەتمەكچى بولغان.

بۇ تەشكىلات، 32 نەپەر بېيجىڭغا سادىق بولغان پارتىيە ـ ھۆكـۈمەت كــادىرلىرىنى ۋە دىنــى مۆتىــۋەرلەرنى مەخپىـــي ئۆلتــۈرۈش تىـــزىملىكىگە كىرگـۈزگەن. 1997 ـ يىلـى 1 ـ ئايـدا ئەركىــن ئابـدۇللاھ ۋە ئۇنــڭ غوللۇق شېرىكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىنىدى.

يەنە باشقا بىر خەۋەردە: خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق دوكلاتىدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. دائىـرىلەر ئـۇلارنى تېررورىزملىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، دېدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئادىـل بولمىـدى، مەجبۇرلاپ ئىقرار قىلدۇرۇلغان بىر ۋاراق ماتېرىيالغا تـايىنىپلا ئۇلارغا ئۆلـۈم جازاسى بەردى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى:

جۇڭگونىڭ سىياسىي بېسىمى ئاستىدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) غا قانۇنسىز ھەربىي قورال ـ ياراغ يۆتكەشكە چېتىشلىق، دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان تۆت نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ۋە 25 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

بۇ، تۆت نەپەر ئۇيغۇر 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قازاقىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، تۈرمىدە ياتقان ئۈچ يىل جەريانىدا قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان ۋە مەجبۇرى ئىقرار قىلىشقا زورلانغان. بىر ئادۋوكاتنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر، خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئېلىشقا ئۇقتۇرۇش چىقارغان ئۇيغۇرلار ئىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ قانۇنىدا ھەربىي قورال ـ ياراغ يۆتكەپ سېتىشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدىكەن، بىراق قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلغان ئىمىش. نۆۋەتتە قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تەشكىللىنىپ، ئادۋوكاتقا ياردەملىشىپ بۇ دېلونى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «شاڭخەي كېلىشىمى»گە ئاساسەن، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جىنايەتچىلەرنى خىتاي تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشغا ئۇچرىدى.

جۇڭگونىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) رايونىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئىزدەنگەن. 1949 ـ يىلى كوممۇنىستلارنىڭ ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قوراللىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلمەكتە.

## 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 21 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى:

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىتنىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا: 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ساقچىلار ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياشنى كۆتۈرۈپ جۇڭگونىڭ شىنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلدى. 2 ـ ئايدا شىنجىن شەھىرى شۈن مەھەللىسى ساقچى ئىدارىسى ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياشنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ئۇزۇندىن بېرى شۇ يەردە تىجارەت قىلىپ جان بېقىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ قوغلىغان ئىدى.

بۇ نامايىش خىتاينىڭ شىنجىن شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئېلىپ بارغان نامايىشى ھېسابلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى شىنىنەن كوچىسىنىڭ قاتناش ترانسپورتىنى توختىتىپ قويدى. نامايىشچىلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا: 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىككى نەپەر ئۇيغۇر شۈن كەچلىك بازىرىغا كېتىۋاتقاندا خىتاي ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان، قارشىلىق كۆرسەتكەندە ئون نەپەر خىتاي ساقچى ئۇلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان. ھەسەن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇرنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ساقچى ئورگانلىرى بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنى ۋە يارىدارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى رەت قىلغان. نەتىجىدە 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا نامايىش قىلىپ كەلگەن.

شۈن ئاھالىلەر كومىتېتىغا بىر خىتاي ئەھۋال مەلۇم قىلىپ: ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر شۈن بازىرىغا كېلىپ پۇل بۇلىدى،

يېنىدىن خەنجەر چىقىرىپ پۈلنىڭ ئىگىسىگە ھەيۋە كۆرسەتتى، ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ چەكلىمەكچى بولغاندا، شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن بىر نەچچە نەپەر ئۇيغۇر ساقچىلار بىلەن مۇشتلاشتى، ساقچىلار يارىلاندى، ئۇيغۇرلارمۇ يارىلاندى... شىنجاڭلىقلار ئوغرىلىق قىلىدۇ، يانچۇقچىلىق قىلىدۇ، ھە دېسە ۋەقە چىقىرىپ ئادەملەرنى يارىلاندۇرىدۇ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئۇلاردىن خۇددى ئەجدىھادىن قورققاندەك قورقىدۇ، دېدى.

21 ـ كۈنى ئىككى نەپەر يارىدار بولغان ئۇيغۇرنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ يەنە توپلىشىپ، قول ـ پۇتى سۇنغان يارىدارلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ، يول بويلاپ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئادالەت تەلەپ قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت بىناسىغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساقچىلار دەرۋازىنى تاقىۋالدى. زوراۋانلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ساقچىلار دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش قىلىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان شەھەر ئاھالىسى ئەتراپقا توپلىنىپ تاماشا كۆردى. ئۇيغۇرلار سۆھبەتلىشىشكە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىل چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئۇيغۇرلار بىز توختاپ قالمايمىز، ـ دېيىشتى.

## 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 27 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى:

يېقىنــدىن بېــرى نۇرغۇنلىغــان رادىئــو ئىستانــسىلىرى تــىبەت ۋە مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىــستانغا (شــىنجاڭ) پروگرامىــا ئاڭلىتىــشقا باشــلىدى. جۇڭگو دائىرىلىــرى: چەت ئەل تەشۋىقات ئورگانلىرى دۈشمەنلىك ئەقلىــ بــويىچە، يەرلىــك مىللەتلەرنىــڭ ئــارزۇ ـ كەيپىياتلىرىغــا بىرلەشــتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىسيان قىلىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشــلىدى، شــۇڭا زەربە بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى.

جۇڭگو دائىرىلىرى كۈچلۈك رادىئو دولقۇنلىرىدىن پايــدىلىنىپ رادىئــو ئاڭلىتىشلارغا كاشىلا پەيدا قىلىــشقا ئۆتكەنــدە، تــىبەت بىــلەن مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىستان رادىئو ئاڭلىتىش ۋە ئاڭلىتىشقا كاشىلا پەيدا قىلىشنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: جۇڭگــو دائىرىلىرى، دۈشمەنلىك غەرىزىگە ئىگە چەت ئەل رادىئو ئىستانــسىلىرىنىڭ جۇڭگوغا سىڭىپ كىرىشى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، دەپ ھېسابلىــدى.

جۇڭگــو دائىرىلــرى زەربە بېرىــشكە، چەكلەشــكە، كاشــىلا قىلىــشقا ئۇرۇنغان چەت ئەل رادىئــو ئىستانــسىلىرى ـــ چەت ئەلــلەردە ئۇيغۇرىــستان مۇستەقىللىقىنى، تــىبەت مۇســتەقىللىقىنى تەرغىــب قىلىــدىغان «ســەئۇدى ئەرەبىــستان رادىئوســى»، «ئامېرىكــا ئــاۋازى رادىئوســى»، «ئــازات رادىئــو ئىستانسىسى»، «ئەركىن ئاسىيا رادىئــو ئىستانســسى» قاتــارلىق چەت ئەل رادىئو ئىستانسىلىرى ئىدى. «ئامېرىكا ئــاۋازى رادىئــو ئىستانســسى»نىــڭ

باياناتچىسى: يىقىنقى ئايلاردىن بېرى تىبەتكە قويۇپ بېرىلىدىغان ئاڭلىتىشلىرىمىز كاشىلىغا ئۇچرىغانلىقتىن داۋاملىق غاراڭ ــ غورۇڭ ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ، دېدى. لېكىن تىبەت مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان «تىبەت ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى» (نورۋېگىيە قۇرۇپ بەرگەن) تەدبىر قوللىنىپ، دولقۇن چاستوتىلىرىنى يۆتكەپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ كاشىلا پەيدا قىلىشىغا قارشى تۇردى.

خىتاي هۆكۈمىتى رادىئو ئاڭلىتىشلىرىغا كاشىلا پەيدا قىلىش تەدبىرىنى «يېڭى چاڭچىڭ سېپىلى» دەپ ئاتىدى.

«ئامېرىكا ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى» تىبەتنىڭ دىئالېكت ۋە ئورتاق تىللىرىدا هەر كۈنى تۆت سائەت ئاڭلىتىش بېرىدۇ. «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى» تىبەت تىلىدا هەر كۈنى سەككىز سائەت ئاڭلىتىش بېرىدۇ. بىراق جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ قاتتىق ئەنسىرەيدىغىنى، دېيىلىدى خەۋەردە: خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ مىللىي هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى»دۇر.

## 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

شاڭگاڭدا قۇرۇلغان «جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا: شىئەن ـ چاڭئەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي توقۇنۇش يۈز بەرگەن. توقۇنۇشتا ئىككى تەرەپتىن 20 نەپەر ئوقۇغۇچى يارىلانغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بىرنەچچە يۈز ساقچى ئەۋەتىپ توقۇنۇشنى باستۇرغان. كېچىچە ھاراق ئىچىپ مەست بولغان خىتاي ئوقۇغۇچىلار 7 ـ كۈنى سەھەردە مەكتەپ قورۇسىغا چىقىپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ: شىنجاڭنىڭ چوشقىلىرى شىنجاڭغا قايتىپ كەت، دەپ تۇۋلاپ مەكتەپنى بېشىغا كىيگەن. غەزەپلەنگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بۇ خىتايلارنى راسا ساۋىغان، خىتاي ئوقۇغۇچىلار يەنە يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ئۇيغۇرلاردىن قاتتىق زەربە يېگەن، كارامەت بىر مۇشتلىشىش مەنزىرىسى ھاسىل بولغان. جېدەلنى ئاجراتماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار تاياق يېگەندىن كېيىن دەرھال ساقچى چاقىرىشقا مەجبۇر بولغان. مۇشتلىشىشقا قاتناشقان 300 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە 80 نەپىرى ئۇيغۇر ئىكەن. 1500 دىن ئارتۇق خىتاي تاماشىبىنلىرى مۇشتلىشىش مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان. ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئېغىر يارىلانغان.

خىتايدا مىللىي توقۇنۇش، مىللىي مەسىلە ئالاھىدە رايونلاردىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، ئەمدى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ھەتتا ئالىي مەكتەپلىرىگىچە كېڭەيگەن.

# 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ تارقاتقان خەۋىرى:

ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى 25 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىش خاتىرىسىگە چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، 9 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى بېلگىيىنىڭ بىروسىل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن جۇڭگونىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بۇ يەردە دائىمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە باياناتى ماقۇللىدى. باياناتتا: ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ نېگىزلىك ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، ياۋروپا مىنىستىرلەر يىغىنى بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ جۈملىدىن يىغىلىش، تەشكىلات قۇرۇش، سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق ساھەلىرىدە، جۇڭگونىڭ داۋاملىق چەكلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلەر يىغىنى تىبەتلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ئىسلام مۇرتىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلاردا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىكىگە ۋە ھەددىدىن زىيادە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېيىلدى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى باياناتىدا: ياۋروپا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ياۋروپا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يىغىنى ھەر يىلى ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

## 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتىنىڭ تارقاتقان خەۋىرىدىن پايدىلىنىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى:

خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ كۈنى تارىختىن بېرى زور كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مۇستەقىلچىلىرىگە پوپوزا ئىشلەتتى.

بىرنەچچە يۈز برونېۋىك تانكا ۋە باشقا ئارمىيە خىللىرى قەشقەر شەھىرىدىن 12 مىل يىراقلىقتىكى ئېگىزلىككە چىقىپ تۆت كۈن ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. تىك ئۇچارلار ۋە كۈرەشچى ئايروپىلانلار بۇ ئېگىزلىكنى نىشان ۋە قارانچۇق قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇداپىئەسىنى ماسلاشتۇرغۇچى لەنجۇ ھەربىي رايونى يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارنى ئەۋەتىپ، 69210 ـ ھەربىي بىرىگادىنىڭ ۋە باشقا ھەربىي قىسىملارنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرىنىڭ ھەربىي مانېۋىرغا قوماندانلىق قىلدى. مانېۋىرنىڭ تەپسىلاتى قەشقەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇلمىدى، لېكىن زور كۆلەمدە ھەربىي يۆتكەشنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

بىر قەشقەرلىك مۇنداق دېدى: ھەربىي مانېۋىر بىزگە قارىتىلمىغان بولسا ئۇ چاغدا كىمگە قارىتىلغان بولىدۇ؟ «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار» يېقىندىن بېرى زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، 1998 ـ يىلى قەشقەردە خىتاينىڭ سەككىز نەپەر ساقچىسى ئۆلتۈرۈلدى. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سىياسىي مەھبۇس ئۇيغۇرلار ئىلى شەھىرى تۈرمىسىدە

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سەككىز نەپەر تۈرمە ساقچىسىنى ئۆلتۈردى. 1999 ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە قۇرۇلغان راكېتا قوراللىرى بازىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ 27 نەپەر خىتاي ئەسكىرىنى يارىلاندۇردى. 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە بومبا قاچىلانغان ماشىنىنى پارتلىتىپ 80 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، 240 ئادەم يارىلاندى.

# 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ خەۋىرى:

لوندون «تايمىس گېزىتى»نىڭ تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تاللانغان قىسملىرى رادىكال ئۇنسۇرلارنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا (شىنجاڭ) سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئافغانىستان بىلەن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ چېگرىسىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى مەشىق قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

«تايمىس گېزىتى» ئۆزۈمچىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگونىڭ تاللانغان قىسملىرى، قوراللىق ساقچىلار ئەترىتى، ئۆتكەن ھەپتە بۇيرۇققا بىنائەن قەشقەر شەھىرىگە يېرىپ ئورۇنلىشىپ، ئامېرىكا بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرماقچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ قىسملار قەشقەر شەھىرىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا ۋاقىتلىق ھەربىي بازا قۇردى، دەپ شەرھلەندى.

شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسملارنىڭ بىر نەپەر ئوفىتسېرى مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو دائىرىلىرى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈزبەرگەندىن كېيىن تاللانغان قىسملارنى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكەپ كەلدى، ئاگلاشلارغا قارىغاندا يەنە باشقا بىر تۈركۈم ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تاللانغان قىسملىرى قەشقەر ئايروپىلان ئىستانسىسىغا يېقىنراق بىر جايدا ھەربىي بازا قۇردى.

خەۋەردە: قەشقەرگە ئەسكەر يۆتكەپ كېلىش ھەرىكىتى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ، قەشقەر ئۆلكىسىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد

قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا تەرەددۇت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، دېيىلدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى» قۇرۇشقا ئىزدىنىپ كەلگەن. يېقىندىن بېرى جۇڭگو دائىرىلىرى، ئارقا ـ ئارقىدىن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇردى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» پەيدا قىلغان ئافغانىستان بېيجىڭ دائىرىلىرىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ دىپلوماتىيە ۋەزىيىتىگە دۇچار قىلدى. جۇڭگو رەھبەرلىرى: غەرب دۇنياسىدا قوزغالغان ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىنىڭ، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا ياردىمى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، جۇڭگو رەھبەرلىرى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئافغانىستاندا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلانغان بىر پەيتتە، بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، يېقىندا ۋەتەننى پارچىلىماقچى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، تۆت نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

ئامېرىكىدا «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، دائىرىلەر مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلارنى

باستۇرۇشـــنى كـــۆچەيتتى. 9 ــ ئاينـــڭ 24 ــ كـــۈنى مۇســـتەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىدە ئۇچۇق سـوت يىغىنى ئېچىپ، دۆلەتنى پارچىلىماقچى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، بۇنـىڭ ئىچىدە ئىككـى نەپەر ئۇيغـۇر سىياسـىي مەھبۇسـقا ئۆلـۈم جازاسـى بەردى. سەككىز نەپەر ئۇيغۇر سىياسـىي مەھبۇسـقا 5 يىلـدىن 10 يىلغـىچە قامـاق جازاسى ئېلان قىلـدى. 25 ــ كـۈنى ئۇيغۇرىـستاننىڭ قەشـقەر شـەھىرىدە ئۇچۇق سوت ئېچىپ، دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتىنى ئارتىپ ئىككـى نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

## 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ 28 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا كونگرېسى قانۇن ماقۇللىغاندىن كېيىن، قۇرۇلغان «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى» بۇگۈن 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىدىغان ئاڭلىتىش پروگراممىسىنىڭ ۋاقتىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ ھەر كۈنى بىر سائەت ئاڭلىتىش بېرىشنى جاكارلىدى. «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»نىڭ مەسئۇلى: ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىدىغان ئاڭلىتىش پروگراممىسىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش پىلانى بىر نەچچە ئاي مۇزاكىرە قىلىندى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى بىيورجىتنى يولغا قويىدىغان كۈن، دەل جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىمى بىلەن ئوخشاش بىر كۈنگە توغرا كېلىپ قېلىشى تاسادىپى ماس كېلىپ قېلىشتۇر. ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىدىغان پروگراممىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش مەسىلىسى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتسىز، دەپ كۆرسەتتى.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ئاڭلىتىش بېرىدىغان «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى»نىڭ ئۇيغۇر تىلى پروگراممىسى 1998 ـ يىلى يولغا قويۇلغان ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئاڭلىتىش بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىلىدىغان خەۋەرلەر ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىدىغان رايونلاردا يۈز بەرگەن خەۋەرلەر ھەمدە ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلىدۇ، ئامېرىكا قوغلاپ تۇتماقچى بولغان ئوسامە بىن لادىن ئافغانىستاندا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنى تەربىيىلىگەن.

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»نىڭ باياناتچىسى: بۇ رادىئونىڭ ئۇيغۇر تىل گۇرۇپپىسى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنى چوڭقۇرلاپ خەۋەر قىلدى. ھۇجۇمغا ئۇچرىغان دۇنيا سودا ـ تىجارەت بىناسىنىڭ 98 ـ قەۋىتىدە قۇربان بولغان ئاشخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە 20 ياشلىق بىر ئۇيغۇر قىز بار ئىدى. ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى دولقۇن قەمبىرى: 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرلەر بېرىلگەندە پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئەمەس، بەلكى تېررورىستلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى، ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، ئامېرىكىدىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىقى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ مەنگۇدىن بەرگەن خەۋىرى:

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقئارا تېررورىستلارغا قارشى ھەرىكەت پىلانلىغاندا، پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ تاشقورغان ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى كۈندە تۆت قېتىمدىن ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

«پاكىستان خەۋەر ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھىمالايا تېغىنىڭ خونجىراپ ئېغىزىدا تاموژنىغا مەسئۇل ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سانى 1 ھەسسە كۆپەيتىلدى. بۇ چېگرا ئارقىلىق ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ساياھەتچىلەر كۆزدىن غايىب بولدى. بىر ئەسكەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە: بۇ چېگرا ئېغىزىدا بىرنەچچە 10 مىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. 285 كىلومېتىر نېرىدىكى قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئەسكىرى قىسىملار توپلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقىنى دەۋا قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي دائىرىلىرى قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئەسكىرى قىسىملارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

خىتاينىڭ قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئورگانلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىگە ئۆيمۇ ــ ئۆي باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى قولغا ئالدى. بىر سودىگەر ئۇيغۇرنىڭ ئاشكارىلىشىچە: ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۈچ قېتىم باستۇرۇپ كىرگەن، بۇ ئىش كېچە سائەت ئۈچ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن. گەرچە بۇ كىشى قولغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ساقچىلار ئۇنىڭ دىنى كىتابلىرىنى، كاسىتىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ كىشى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى خالىمىدى.

يەنە باشقا بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا: ساقچى دائىرىلىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم ئۆيمۇ ــ ئۆي ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنى تەشكىللىگەن. بۇ ئىشنى ھەر كۈنى كېچىدە ئېلىپ بارغان.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 5 ـ كۈنى نيۇ-يوركتىن بەرگەن خەۋىرى:

«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» مۇنداق خەۋەر قىلدى:

ئىسلامى گۇرۇپپىلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، جۇڭگو دائىرىلىرى باستۇرۇشنى يولغا قويدى. ئەگەر جۇڭگو 10 يىل بۇرۇنقى سابىق سوۋېتلار پارچىلىنىشىنىڭ كاتىگىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇيغۇرىستان بىرىنچى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىدىغان ئۆلكە بولۇپ قالىدۇ. (بۇنىڭ ئۈچۈن بىر خەلقنىڭ جۇرئىتى بولۇشى كېرەك، قېنى بۇنداق ئۇيغۇرلار. — ئاپتوردىن) جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەرقانداق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) باستۇرۇشنى يولغا قويدى.

«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» مۇنداق كۆرسەتتى: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش سېپىگە قوشۇلغانلىقى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، بېيجىڭ ئۆزى يولغا قويغان ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادا قوللاشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. خىتاينىڭ سىياسىي گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇيغۇرلار: بېيجىڭ ئىقتىساد ۋە ئاھالە، نوپۇس سىياستىنى يولغا قويۇپ 8 مىليون ئۇيغۇرنى چەتكە چىقىرىپ

قويدى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقىلىشقا يۈزلەنىدى، دېيىشەتتى. بىر قىسىم غەربلىكلەر ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلدى.

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش، كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆرۈشىنى قوللىشىدىن ھەزەر ئەيلىدى، ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۆكتەبىر بايرىمى يېقىنلىشىپ كەلگەن ھەپتە ئىچىدە بېيجىڭ دائىرىلىرى، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەيدىغان جىنايەتنى ئارتىپ يەتتە نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بەردى. بىرنەچچە ئون نەپەر ئۇيغۇر تۈرمىگە قامالدى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» خىتاي شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن يوللىغان تېلېگراممىسى:

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ شەھەرنىڭ ساقچىلىرى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە «دېلو پاش قىلىش ئوپېراتسىيىسى» ئېلىپ بارىدىكەن. زوراۋانلىققا، تېررورىستلارغا زەربە بېرىش بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدىكەن.

4 ـ ئايدا باشلانغان زەربە بېرىش، تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى 1 ـ باسقۇچلۇق ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، تۆت مىڭ قېتىم دېلو پاش قىلىپ، گۇمانلىق ئۇيغۇرلاردىن 189 نەپەر ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا، دېلو پاش قىلىشنىڭ سانى 300 قېتىم ئارتۇق بولدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رۇجيەن شى: زوراۋانلىققا، تېررورىستلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش بۇ قېتىم يولغا قويۇلغان ھەرىكەتتە مۇھىمنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتا بولدى، دېدى.

خەۋەرلەردە: بۇ يىل كىرگەندىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تېررورىستلارغا، زوراۋانلىققا مۇناسىۋەتلىك 10 گۇرۇپپا يوقىتىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ غوللۇق ئەزالىرى، گۇمانلىق ئۇنسۇرلار، دىنى رادىكالىستلار بولۇپ جەمئىي 210 نەپەر ئۇيغۇر قولغا ئېلىندى، دېيىلدى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 11 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۈن يىشى، بۈگۈن جۇڭگونىڭ خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش سىپىگە قوشۇلغانلىقى توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە: جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەت جۈملىدىن ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىقنى ساقلاپ قالغانلىقى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقانلىق، جۇڭگو ئافغانىستانغا چېگرىلىنىدىغان مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان چېگرىلىرىدا باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو ئاگېنتلىقى باياناتچى سۈن يىشىنىڭ سۆزلىرىنى خەۋەر قىلىپ بەرگەندە: ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئافغانىستانغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىغاندا، پۇقرالار ئىچىدە ئۆلۈم ـ يىتىم ھادىسىلىرى كۆرۈلدى، جۇڭگو بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىدۇ، جۇڭگو تېررورىستلارغا زەربە بەرگەندە ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرىنىڭ ئازراق سادىر بولۇشىغا كاپالەت قىلىشنى تەكىتلەپ كەلگەن ھەمدە باشقا دۆلەتلەرگە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ تەكىتلىگەن، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى سۈن يىشى: بېيجىڭ يۇقىرىقىدەك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغاندا، تېررورىستلارغا ئۈنۈملۈك زەربە بەرگىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، بۇ پرىنسىپنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى، دەپ كۆرسەتتى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 13 ـ كۈنى لوندوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۈگۈن بايانات ئېلان قىلىپ: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا بېيجىڭ دائىرىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشنىڭمۇ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگونىڭ بىر باياناتچىسى خەلقئارا جەمئىيەتكە چاقىرىق قىلىپ، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش تېررورىست ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يۇقىرىقى باياناتنى ئېلان قىلدى.

يېقىندىن بېرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان خەۋەرلەردە، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ، يېڭىدىن ـ يېڭى باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، ئاتالمىش تېررورىستلارغا زەربە بەرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەت مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نىشانى، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەمەلىيەتتە تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. پىكىرلىرىنى شۇ يول بىلەن ئىپادىلىگەن كىشىلەر بولۇپ، بىراق، بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇلارنى تېررورىستلاردىن پەرقلەندۈرمەي، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ دىنى ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشىمۇ ئاغدۇرمىچىلىق ھېسابلاندى، دەپ كۆرسەتتى.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى: پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم دائىرىدە تەدبىر قوللىنىشىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، لېكىن بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ خەلقئارادا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرىستاندا ھەددىدىن زىيادە زىيانكەشلىك قىلىشتا، ئۇلارنى تېررورىست، رادىكالىست، دەپ ئەيىبلەشلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايمىز، بۇنداق ئەيىبلەش ئاستىدا، زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە ئەسلا قاتناشمىغان كىشىلەرنىڭمۇ باستۇرۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايمىز، دەپ كۆرسەتتى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 11 ـ كۈنى ئېلان قىلغان خەۋىرىدىن سىتاتە ئېلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى:

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. 11 ـ كۈنى جۇڭگو دائىرىلىرى ھازىرغىچە ئەڭ ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىپ: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىكى (شىنجاڭ) مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى تېررورىست تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقى توغرىسىدا پاكىتلارغا ئېرىشتۇق، دېگەندەك بولدى.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) يەرلىك ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىل سىستېمىسىغا

مەنسۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى قويۇق بولۇپ، جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق ئىدى.

ئۇيغۇرلار 40 ـ يىللاردا شۇ ماكاندا قىسقا مۇددەتكە مۇستەقىللىق جاكارلاپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان ئىدى. چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ياكى ۋەتەن ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بۈگۈنگىچە شۇ نىشاندىن ۋاز كەچكىنى يوق. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار «زوراۋانلىق»، «تېررورىستلىق» ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، بىراق، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ ئالغانلىقىدىن نارازى بولماقتا.

«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» يەنە خەۋەر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: غەرب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۆلگۈنچىلىكتىن ساقلىنىشقا جىددىي كۆڭۈل بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تەرەققىيات تەلەپلىرى ۋە پىكىر ـ تەلەپلىرىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگەندىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇخشاشلا باستۇردى، دېيىشتى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۈن يىشى: شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا مۇتلەق پاكىتلارغا ئىگە بولدۇق. ئۇلار جۇڭگودا زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى ئاشكارا جاكارلىدى. بىز يەنە ئۇلارنىڭ خەلقئارا تېررورىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى توغرىسىدىمۇ پاكىتلارغا ئېرىشتۇق، دېدى.

باياناتچى سۆن يەنە: ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتلىتىش، ھۇجۇم قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، گۆرۈگە ئېلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپلا قالماي، يېقىن رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ تەھدىت پەيدا قىلدى، شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگونىڭ ئۇيغۇر تېررورىستلارغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، - دېدى.

غەربنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى: بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندا تالىبانلار بىلەن بىرلىكتە ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە كۆرگەن، بەلكى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۇرىتى ــ مۇرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغان ئىدى. بەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا ئەتكەس قوراللارنى يۆتكەپ كېلەتتى. بىراق، تالىبانلار تەشكىلاتى ياكى ئوسامە بىن لادىننىڭ جۇڭگونىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق، - دېيىشتى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى بىرلىشىپ تېررورىزمغا قارشى تۇرىدىغان بولدى، جۇڭگو، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى نۆۋەتتە قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەكتە جىددىي يىغىن چاقىرىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى مۇھاكىمە قىلدى.

بېيجىڭ «خەلق ساقچىسى» گېزىتى: بەش دۆلەت رەھبەرلىرى ئۇچراشقاندا، نۆۋەتتە ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكىگە، مۇقىملىقىغا كەلتۈرگەن ئېغىر تەھدىتىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئوخشاشلا ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىرلىشىپ تېررورىستلارغا زەربە بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي رادىكالىستلارغا زەربە بېرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رايون خاراكتېرلىك تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرى قۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، دەپ يازدى.

يىغىنغا قاتناشقۇچى جۇڭگو ۋەكىللىرىگە ساقچى مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى جۇئىن تاۋ ئۆمەك باشلىقى بولدى. يىغىندا جۇئىن

تاۋ: بېيجىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئورتاق تونۇش ئاساسىدا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلدى. ھەرخىل شەكىللىك تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەيىبلەش، بىردەك ماسلاشقان تەدبىر قوللىنىش، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىدە كۆرسىتىلگەن؛ تېررورىستلارغا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، دىنىي رادىكالىستلارغا زەربە بېرىشكە ئائىت شاڭخەي «ئەھدىنامىسى»گە ئاساسلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىك نازارەتلىرى ۋە بۆلۈملىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى قەيت قىلدى.

شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھىنىڭ بۇ قېتىملىق يىغىنى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان يىغىن بولدى.

# 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ لوندوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى باياناتى ئېلان قىلىپ: بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇرلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى: جۇڭگونىڭ باياناتچىسى، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش ئۇيغۇر تېرروربستلىرىنى باستۇرۇشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى توغرىسىدا مۇراجىئەت ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى باياناتنى ئېلان قىلدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا يېقىندىن بېرى بېيجىڭ دائىرىلىرى باستۇرۇشنى يولغا قويۇپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا ئاتالمىش تېرروربستلارغا، ئەمەلىيەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. يەرلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىمۇ بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇش هەرىكەتنىڭ نىشانى، دېيىشتى.

خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى: مىللىي بۆلگۈنچىلەر تىنچ يول بىلەن پىكىر بايان قىلغۇچىلار ۋە تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئىدى. بىراق، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئۇلارنى تېرروربستلاردىن پەرقلەندۈرمىدى، جۇڭگونىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىن چىقىپ، دىنى ئىسلامنى تەرغىب قىلىش بۇ بىر خىل ئاغدۇرمىچىلىق، ـ دېدى، دەپ كۆرسەتتى.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى: خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللىنىشىنى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا دىنى گۇرۇپپىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا، ئۇلارنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دەپ ئەيىبلىشكە، تېررورىستلار، دىنى رادىكالىزمچىلار، دەپ ئەيىبلىشكە جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق بولغاندا، ـ دېدى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: بۇنداق ئەيىبلەش ئاستىدا، ئەسلىدە زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىغان كىشىلەرمۇ كىشىلىك ھوقۇقتا بېسىم ئىشلىتىش سىياستىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

*****

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 14 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خەۋەردار كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا: «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن يۇقىرى قاتلام بېيجىڭ رەھبەرلىرى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەزگۈر رايونلارغا زىيارەتكە بېرىشىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بېيجىڭدا ياشاۋاتقان بىرقانچە مىڭ ئۇيغۇرنى قاتتىق باشقۇرۇش، تەقىب قىلىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بېيجىڭدا شىدەن كوچىسىدا ئاپتوبۇس پارتلىغاندەك ۋەقەلەرنىڭ يەنە سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى، بولدى.

خەۋەردار كىشىلەر: «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىدى، پارتلىتىش، گۆرۈگە ئېلىش، مەخپىي ئۆلتۈرۈشنى ۋاستە قىلغان چېكىدىن ئاشقان ئۇيغۇرلار تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلىش ۋەزىيىتى يارالدى. بېيجىڭ ساقچى تەرەپنىڭ ئىگىلىگەن ئاخبارات ـ ئۇچۇرلىرى، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى جۇملىدىن بېيجىڭنى ئاساس قىلىپ پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا: بېيجىڭدا بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر ياشايدۇ. ئۇلارنى باشقۇرۇش نازارەت قىلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۆتكەندە بېيجىڭدا شىنجاڭ كەنتى بار ئىدى، ھازىر مەۋجۇد ئەمەس. بۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتتى.

بۇ يىل 8 ـ ئايدا خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارغا قارشى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى، ئالدىنقى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە بۇنداق مانېۋىر يەنە بىر قانچە قېتىم ئۆتكۈزۈلدۇ، دېيىلدى. بېيجىڭ ئەمەلدارلىرى: بېيجىڭ «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»غا قاتناشقان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارغا ئورتاق زەربە بېرىش توغرىسىدا دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق تەلەپ قويدى، دېيىشتى.

بېيجىڭ ئەمەلدارلىرى: يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇنسۇرلار پارتلىتىش، گۆرۆگە ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ۋەقە پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاپەتكە ئايلاندى، دېيىشتى.

جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى: «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن بىرنەچچە يۈز دىنى ئەرەبلەرنى قولغا ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلدى.

بىراق، خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە: بېيجىڭ دائىرىلىرى ھەقىقەتەن، خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىۋاتقان مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

# 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 17 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىتنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانساق، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) سوت مەھكىمىسى ئۆلۈشكۈن سەككىز نەپەر مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرنىڭ ئۆستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەش نەپەر ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، باشقا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئابدۇرەشىت ئابدۇمىجىت 1997 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) ئىلى شەھرىدە تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە يادرولۇق كىشى ئىكەن.

ئەينى چاغدا خەلقئارا جەمئىيەت ئىلى ۋەقەسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن خىتاي كوممۇنىست دائىرىلىرى ھۆكۈم ئېلان قىلىشنى كېچىكتۈرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە، خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي دائىرىلىرى ئابدۇمىجىت ئابدۇرەشىتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىجرا قىلدى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 19 ـ كۈنى شاڭخەيدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

پرېزىدېنت بۇش بىلەن جياڭ زېمىن 19 ـ كۈنى شاڭخەيدە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنت بۇش: جۇڭگو تەرەپ بىلەن خەلقئارا تېررورىستلار تەھدىتىنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق. ئامېرىكا ۋە جۇڭگو تېررورىستلارغا ئورتاق زەربە بېرىدىغانلا بولساق، نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە، نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن، دەپ كۆرسەتتى.

پرېزىدېنت بۇش يەنە: تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماسلىق لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ بىر جۈملە سۆز جۇڭگو رەھبەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش مەنىسىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى، جۇڭگو دائىرىلىرى غەربىتىكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ۋەقە پەيدا قىلىشقا دۇچ كەلگەن ئىدى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ نيۇ-يوركتىن تارقاتقان خەۋىرى: «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىسى 18 ـ كۈنى گېزىتكە پرېزىدېنت بوشنىڭ شاڭخەي سەپىرى توغرىسىدا مەخسۇس ماقالە يېزىپ: ئامېرىكىنىڭ تېررورىزمغا قارشى ئىتتىپاقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان

ئەمەلىيەتچىلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشقا ئاساسلىنىپ، پرېزىدېنت بوشنىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىغا قاتنىششىنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلىرىنى ئۆلچەپ چىقىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

1. ئەركىن سودا ــ تىجارەتكە ئالاقىدار قورۇق سۆزلەر بىلەن چىرمىلىپ قالماسلىق...

2. يېڭى دەۋرنىڭ مەركىزى مەسىلىلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش...

3. جۇڭگو ۋە رۇسىيىنىڭ قول تۇتۇشۇپ نۆۋەتتىكى كرىزىستىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ تەيۋەن، تىبەت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ــ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇشىنىڭ، رۇسىيىنىڭ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، چېچەن بۆلگۈنچىلىرىنى باستۇرۇشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۇرۇنۇشلىرىغا يول قويۇلمايدۇ.

پرېزىدېنت بوش مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاپتونوم رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارا ــ قويۇق بۆلگۈنچى ئەمەس، بارلىق بۆلگۈنچىلەر ياكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك، قارا ــ قويۇق تېررورىست دېگىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو دائىرىلىرى بىر ھەپتىدىن بېرى، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا ئىسلامىي رادىكال تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى.

جۇڭگودا نەشر قىلىنىدىغان «يەرشارى گېزىتى» ھەپتە ئاخىرىدا باش تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسىلىسىنىڭ جۇڭگو دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

«‹مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان› ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۈچلەر جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى» سەرلەۋھە ئاستىدىكى ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا كۆزنەك قىلىپ، قوراللىق بىر ئەسكەرنىڭ ئۆتكەن ـ كەچكەن ماشىنىلارنى تەكشۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلۈك بىر پارچە سۈرەتنى قىستۇرما قىلىپ باستى.

ماقالىدا: «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى، جۇڭگونىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، دېيىلدى. بۇ بىر پارچە ماقالە «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، مۇستەملىكىسى

ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مەسىلىسى بويىچە، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ 180 گرادۇس ئۆزگەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى.

«11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن بۇرۇن، جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى (شىنجاڭ) توغرىسىدا تۆۋەن مۇقامدا سۆزلەپ، بۇ «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى» دەيدىغان بىر سۆزنىلا تەكىتلەيتتى. ئۆتكەن بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلار چاقىرىق قىلغان دۆلەت قۇرۇشقا ئالاقىدار سۆز ـ ئىبارىلەر تۇنجى قېتىم جۇڭگونىڭ گېزىت مەتبۇئاتلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

تەھلىلچىلەر مۇنداق دېيىشتى: بۇ ئىش، جۇڭگو دائىرىلىرى ـ جۇڭگو ھەم تېررورىستلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى، دەپ تەكىتلەيدىغان ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىش. شۇ ئارقىلىق جۇڭگو دائىرىلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلىگەن. بۇ ئىش، ئۆتكەن بىر مەزگىللەردە، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلدى، ـ دەيدىغان ئەيىبلەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەشۋىقات ھۇجۇمىنى قەدەممۇ ـ قەدەم يولغا قويدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى: بىرنەچچە يۈز مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندا ئوسامە بىن لادىنىنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە لاگېرىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئالاقىدار ئورگانلار

تىزگىنلىگەن خىتاي مەتبۇئاتلىرى، جەمئىي 1000 نەپەر ئۇيغۇر ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە ئالدى، دەپ كۆرسەتتى.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ (شىنجاڭ) خىتاي رەھبەرلىرى بېيجىڭنىڭ زەربە بېرىش نىشانى تېررورىستلار بولۇپلا قالماستىن، قاتتىق قول مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ۋە رادىكال دىنى زاتلارمۇ زەربە بېرىش نىشانى ئىچىدە، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

كۆزەتكۈچىلەر: جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان سىياستى، خەلقئارا جەمئىيەتتە جۇڭگونىڭ تىبەت سىياستىگە دىققەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بېيجىڭ ئۆتمۈشتە دالاي لامانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىمۇ تېررورىستلار، دەپ ئاتىغان ئىدى. گەرچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە دالاي لاما تېررورىست، دەپ ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، بىراق، جۇڭگونىڭ بىرنەچچە نەپەر باياناتچىسى شەرقىي تۈركىستان بىلەن دالاي لاما گۇرۇھىنى بىر تاياقتا ھەيدىگەن ئىدى. باياناتچى ئەيىبلەپ ھەر ئىككىسى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ۋە تىبەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دېگەن ئىدى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 21 ـ كۈنى لوندوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

«يەكشەنبىلىك تايمىس» گېزىتى بۈگۈن مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا ۋە جۇڭگو تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، رادىكال ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا زەربە بېرىش جەھەتتە سىياسىي ئاخبارات كېلىشىمى ئىمزالاشقا تەييارلاندى، بۇ، يېڭى كېلىشىم بەلكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا جاسۇسلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ ياكى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ ئېرىشكەن ئاخباراتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى: ساقچى مىنىستىرلىكىگە ۋە ھەربىي تەرەپنىڭ سىياسىي ئاخبارات ئورۇنلىرىغا جىياڭ زېمىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى چەكلىك دائىرىدە ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىگە يوللاپ بەرمەكچى بولدى، دېدى، دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ سىياسىي ئاخبارات توپلايدىغان جاسۇسلىرى ئۇيغۇرنىڭ سەرگەردان تەشكىلاتلىرىغا سىڭىپ كىرگەن، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزى ئەزالىرى ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، بەزى ئۇيغۇرلار ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يېقىندىن بېرى ئافغانىستاندا ئوسامە بىن لادىننىڭ ھەربىي ئىشلار لاگېرىدا پەيدا بولغان.

خەۋەرلەردە مۇنداق كۆرستىلدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى داۋاملىق ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ كەلدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى

ئافغانىستاندا ھەربىي لاگېردا تەربىيە كۆرگەن 1000 دەك ئۇرۇشخۇمار ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئاخبارات توپلاشقا ئىشلەتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېسىم، جۇملىدىن مەجبۇرلاش، پۇل بېرىش، ئائىلىسىگە تەھدىت سېلىش، مۇقىم خىزمەت بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈردى.

گېزىت مۇنداق كۆرسەتتى: كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇشخۇمار بولماستىن پەقەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلسىمۇ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئوسامە بىن لادىن تەرىپىدىن جەلپ قىلىندى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا رۇسىيىنىڭ چېچەنىستاندىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى، يېقىندا ئافغانىستاندا تەربىيە كۆرگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇرنى تۇتۇۋېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

گېزىت مۇنداق كۆرسەتتى: پىرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىستلارغا زەربە بېرىشتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رادىكال ئىسلامچىلارغا ئورتاق قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشقا سەل قارايدىغان رەزىل رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

## 2001 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

9 ــ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 24 ــ نۆۋەتلىك يىغىنى 22 ــ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن بىرقانچە تۈرلۈك قانۇن لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ دۆلەت «خەلقئارا تېررورىزم، پارتلىتىشنى چەكلەش ئەھدىنامىسى»غا قاتنىشىش توغرىسىدىكى لايىھىنى ھەمدە «تېررورىستلارغا، رادىكالىستلارغا زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلاش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلدى: تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يى «تېررورىزم، پارتلىتىشنى چەكلەش خەلقئارا ئەھدىنامىسى» ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىمزالانغان مەخسۇس تېررورىستلارغا، پارتلىتىش پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىدىغان خەلقئارا قانۇن خاراكتېرلىك ھۆججەت. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا زەربە بېرىشكە پايدىلىق. بۇ قانۇنغا قول قويۇلسا، جۇڭگونىڭ ياخشى سۈپەتلىك خەلقئارا ئوبرازىنى تىكلەشكە پايدىلىق، قانۇنغا تايىنىپ دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىلىق، دېدى. ۋاڭ يى يەنە: جۇڭگونىڭ ئىچكى قانۇنلىرىدىن ئېيتقاندا, جىنايى ئىشلار قانۇنىدا پارتلىتىش جىنايىتى، تېررورىزملىق پائالىيەتچان تەشكىلاتلار جىنايىتى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر يۇقىرىقى ئەھدىنامە بىلەن بىردەك يولغا قويۇش، ئىجرا قىلىش شەرتلىرىنىمۇ تەييارلىغان، دېدى.

ۋاڭ يى: دۆلەت كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن دۆلەتلەر ئارا تالاش ــ تارتىشلارنى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرماسلىق دەيدىغان ئىنچىكە مەيدانغا ئاساسلىنىپ، جۇڭگو ئەھدىنامىگە قاتنىشىشنى قارار قىلغاندا، ئەھدىنامىنىڭ 20 ــ ماددا 1ـ تارمىقىدا قەيت قىلىنغان ئەھدىنامىسى شەرھلەش ياكى مۇۋاپىق يولغا قويۇش، تالاش ــ تارتىشلار ھاكىملار سوتىغا تاپشۇرۇلۇشى ياكى خەلقئارا سوتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆز پىكرىدە قېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ، ـ دەپ قارىدى، دەپ كۆرسەتتى.

تېررورىستلارغا، رادىكالىستلارغا زەربە بېرىش «شاڭخەي ئەھدىنامىسى»غا كەلسەك، بۇ يىل 6 ــ ئايدا رەئىس جياڭ زېمىن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پرېزىدېنتلىرى بىلەن بىرلىكتە شاڭخەيدە ئەھدىنامىگە ئورتاق ئىمزا قويغان ئىدى. شاڭخەيدە يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى 21 ــ كۈنى تېررورىزمغا قارشى بايانات ئېلان قىلىپ، 11 ــ سېنتەبىردە يۈز بەرگەن تېررورىستلارنىڭ ھۇجۇمىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، قاتىللارنى قانۇن بويىچە جازالاش، تېررورىستلارغا ياردەم بېرىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت خەلقئارا ئەھدىنامە، تېررورىزمغا قارشى ئەھدىنامىلەرنى تېزلىك بىلەن ئىمزالاشقا چاقىرىق قىلدى.

جۇڭگو رەھبەرلىرى يىغىن مەزگىلىدە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش مەيدانىنى بىرقانچە قېتىم تەكىتلەپ، ھەرخىل شەكىللىك تېررورىزمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى ۋە بىخەتەرلىك كومىتېتى ماقۇللىغان ئالاقىدار قانۇن، قارارلارنى قوللايدىغانلىقىنى، ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، تېررورىستلارغا زەربە بېرىش

ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ جۇڭگو يىغىن مەزگىلىدە يەنە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن چېچەنلەر ۋە شەرقىي تۈركىستانچىلار پىلانلىغان، ئۇيغۇرىستاننى بۆلۈپ چىقىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرىدىغان كۈچلەرگە قارشى ئورتاق زەربە بېرىش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

جۇڭگو رەھبەرلىرى: يىغىندا شەرقىي تۈركىستانچىلارغا زەربە بېرىش ھەرگىزمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زەربە بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ؛ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تېررورىستلار ئوسامە بىن لادىننىڭ لاگېرىدا ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە كۆرگەن، خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ بىر قىسمى، دېدى.

# 2001 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» جۇڭگو خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 24 ــ كۈنى ئۈرۈمچىدىن تارقاتقان خەۋىرى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ گوبېرناتورى ۋاڭ لېچۈەن بۈگۈن ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان 6 ــ نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا دوكلات بەرگەندە، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، تېررورىستلارغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى ۋە قاتتىق زەربە بېرىش، يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىش پوزىتسىيىسىنى باشتىن ــ ئاخىر ساقلاپ قېلىشى كېرەك، دەپ بىلجىرلىدى.

ھۆكۈمەت يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن ئۈزۈل ــ كېسىل ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورىستلارغا زەربە بېرىشتە باشتىن ــ ئاخىر چىڭ تۇرۇشى كېرەك، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىپ باش كۆتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش، ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپ دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەك، دېدى.

تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 24 ــ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرىدە: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە يېقىندىن بېرى سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئالتە نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم

ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچى مۇھەممەد ئەزىزگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، قالغان بەش نەپەر مىللىي بۆلگۈنچىگە 5 يىلدىن 10 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلدى، دېيىلدى.

مۇھەممەد ئەزىز مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىش ئالدىدا ياشىسۇن شەرقى تۈركىستان، دەپ شوئار توۋلىدى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ موسكۋادىن 24 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى:

كىرىمىل سارىيى بۈگۈن جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇجىنتاۋنىڭ 27 ـ كۈنى موسكۋاغا كېلىپ ئىككى كۈن زىيارەتتە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

خۇ جىنتاۋ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا رۇسىيىنىڭ ھەربىي گېنېرالى كىۋاشىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەت تېرروردىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئامېرىكا باشچىلىقىدا ئافغانىستاندا تالىبانلارغا ۋە تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئوخشاشلا دۆلەت ئىچىدە ئۆزلىرى تېررورىستلار، دەپ ئاتىۋالغان دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى پارچىلايدىغان تېررورىستلار ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇۋاتاتتى.

بېيجىڭ دائىرىلىرى يېقىندا مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا مۇستەقىل بولۇپ دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلىغان ئۇيغۇرلارغا تېررورىست قالپىقىنى كىيگۈزدى. موسكۋا دائىرىلىرى يېقىندا ئوخشاشلا چېچەنىيىدە قوراللىق ئىنقىلاب قىلىۋاتقان چېچەنلەرنى تېررورىست، دەپ قارىلاپ ئىككى يىل بۇرۇن بۇ رايونغا ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان ئىدى.

موسكۋا بىلەن بېيجىڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلاشقانلىقى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتمەكچى بولغانلىقى يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە باغلىق ئىدى.

## 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:

ئامېرىكا، ئەنگلىيە قول تۇتۇشۇپ ئافغانىستاندىكى تېرروررىستلارغا، تالىبانلارغا ئۇرۇش ئاچقىلى بىر ئاي بولدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئافغانىستان، پاكىستانغا چېگرىلىنىدىغان مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ تاشقورغان ناھىيىسى ھەربىي جەھەتتە چەكلەنگەن رايونغا ئايلاندى.

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «ئەينەك گېزىتى» 100 دىن ئارتۇق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ئوسامە بىن لادىننىڭ تېرروررىستلار لاگېرىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا قايتىپ كېلىپ غازات ئۇرۇشى قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەن. شۇڭا، ئافغانىستان بىلەن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ چېگرىسىدا خىتاينىڭ ئارمىيىسى ھەربىي ھالەتتە تۇردى، دەپ كۆرسەتتى.

خىتاي مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى باش شتاب باشلىقى بوچېۋەي يۇ، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان بىلەن ئافغانىستانىنىڭ چېگرىسىغا بېرىپ، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆچ قېتىم كۆزدىن كەچۈردى.

خەۋەردە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا تۇرۇشلۇق «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى» خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش مەشىقىنى كۈچەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا تاسادىپىيلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا كۆيدۈرگۈ باكتېرىيىسىگە قارشى تۇرالايدىغان، ئۆسۈشكە قارشى تۇرۇش باكتېرىيىسىنى ۋە ياۋا چېچەك ۋاكسىنىسى ئىشلەپچىقىرىشنى جىددىيلەشتۈردى، دەپ كۆرسىتىلدى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا: ئامېرىكا ئافغانىستاندا تالىبانلارغا زەربە بەرگەنگە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بېيجىڭ دائىرىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىگە تەھدىت پەيدا قىلغان ئاتالمىش تېررورىستلارنى (ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلەرنى) باستۇرۇش سىياسىتىنى جىددىيلەشتۈردى.

بېيجىڭ ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان، خاۋاتىرلىنىدىغان تەھدىت ۋە نىشان مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكىتى ئىدى. جۇڭگو دائىرىلىرى ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بىرنەچچە يۈز ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار ئوسامە بىن لادىننىڭ تېررورىستلار لاگېرىدا تەربىيە كۆرگەن. بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنىڭ ئىچى – تېشىدىن ماسلىشىپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا تېررورىستلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. بولۇپمۇ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا تېررورىست مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ يۈرىكى يوغناپ قوراللىق ھەرىكەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ باستۇرۇشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى.

## 2001 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 31 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى بۈگۈن گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى شۇرورېر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە: بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا زەربە بەرگەنلىكىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ۋەزىر جۇرۇڭجى: خەلقئارا جەمئىيەت تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشى، خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، دەپ كۆرسەتتى.

گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى شورورېر دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى بىلەن 31 ــ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

# 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى: 1000دىن ئارتۇق مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان، تۈركىستانچىلار ئافغانىستاندا ئوسامە بىن لادىننىڭ لاگېرىدا تەربىيە كۆرگەن. جۇڭگو دائىرىلىرى، شەرقىي تۈركىستانچى تېرروروستلار، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، تېرروروستلىق، قوراللىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننى (شىنجاڭ) جۇڭگودىن بولۇپ چىقىپ كېتىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرماقچى، دەپ دېلو بېكىتتى.

شاڭگاڭ «ئەينەك گېزىتى»: رۇسىيىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېرروروستلار ئافغانىستاندا تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، دېدى، دەپ كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلغۇچى جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى، مەسىلەن، جاڭ گوفىڭ: جۇڭگو تەرەپ 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچى ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، دەپ قارايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، چوڭ ـ كىچىك شەرقىي تۈركىستانچى تەشكىلاتلار، گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە 50 تىن ئارتۇق ئىكەن، دېيىلدى. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەرلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. لەنجۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ياڭ شۇ: بۇ تېرروروست تەشكىلاتلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭكىنى راست، دەيدۇ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، دېدى.

گېزىتتە يەنە: بۇ تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە جايلاشقان، باشقىلىرى گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى، سودا ــ تىجارەت، خىرونىن ھايانكەشلىكىدىن كېلىدۇ، دېيىلدى.

بۇ گېزىت ئاخىرىدا 1997 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى ئىلى ئىنقىلابىدا توققۇز نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى، ھەرىكەتتىن كېيىن بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى تەشكىللىگەن ئابدۇمىجىت ۋە ئابدۇللاھ ئەھمەد قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

## 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:
تېررورىزمنىڭ دۇنياغا بىرىنچى نومۇرلۇق تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرى تەشكىللەشكە ئالدىرىدى. بۇ قىسىم «ئالاھىدە ھەرىكەت قىلغۇچى قىسىملار ئىچىدىكى سەرخىل قىسىملار» دەپ ئاتالدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش بۇ قىسىمغا ئالاھىدە ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلەپ بېرىلدى.

تېررورىستلارنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشى پەيدا قىلغان ۋەزىيەتتىن چۆچۈپ كەتكەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئېھتىياتچان بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) جانلىنىپ كەتكەن مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھەممە يەردە ھەرىكەت قىلىپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوغدىنىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

## 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ توكيودىن بەرگەن خەۋىرى: ياپونىيە «ئىقتىساد ئۇچۇرلىرى گېزىتى»: ئامېرىكا ئافغانىستانغا ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەيۋەن بوغۇزى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغان قىسىملىرى، تەيۋەن بوغۇزىدىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) بىلەن ئافغانىستان چېگرىسىغا يۆتكەپ كېلىنىدى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش بولغانلىقتىن، ئامېرىكا بۇنداق ھەربىي يۆتكەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

«ئىقتىساد ئۇچۇرلىرى گېزىتى» بۇ خەۋەرنى ئامېرىكا ئاخبارات ئورۇنلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇر ئاساسىدا مەخسۇس خەۋەر ئورنىدا ئېلان قىلدى.

ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاخبارات تۈپلاش قىسىملىرى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تەيۋەن بوغۇزى تەرەپتىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ (شىنجاڭ) ئافغانىستان چېگرىسىغا يۆتكەپ كېلىنىدى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مۇداپىئە شتاب باشلىقى شوڭ گۇاڭ كەي 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا (شىنجاڭ) يېتىپ كېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ چېگرىلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قىسىملار يۆتكەپ كېلىندى. بۇ تارماق قىسىم بۇرۇن مەخسۇس تەيۋەننىڭ ئاخباراتىنى، تەيۋەن ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكەت يۈزلىنىشىنى ئىگىلەشكە مەسئۇل ئىدى.

ئــازادلىق ئــارمىيە ئاخبــارات تــوپلاش قىــسىملىرىنىڭ مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) غا يۆتكىلىــشى، بېيجىڭنىــڭ ئــامېرىكىنى ئاخبــارات بىــلەن تەمىــنلەش ۋەدىــسىنى ئىــشقا ئاشــۇرۇش ئۈچــۈن، دەپمــۇ قارالــدى. ئۇنداق بولغاندا تەيۋەن توغرىسىدا ئاخبــارات تــوپلاش ۋاقتىــنچە پەســكويىغا چۈشــكەن بولــدۇ. لــېكىن «ئىقتىــساد ئۇچــۇرلىرى گېزىتــى» ئوخــشاشلا: ئاخبــارات تــوپلاش قىــسىملىرىنىڭ ئافغانىــستان چېگرىــسىغا يۆتكىلىــشى، ئامېرىكــا ئارمىيىــسىنىڭ ئافغانىــستاندىكى ھەرىــكەت يۆنىلىــشىنى ئىگىــلەپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغــانلىقتىن، ئامېرىكــا ئارمىيىسى جىددىي دىققەت قىلىشنى كۆچەيتتى، دېدى.

# 2001 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 9 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

بېيجىڭدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇى روبىنسون خانىم، بېيجىڭ دائىرىلىرىگە ئاگاهلاندۇرۇش بېرىپ جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تېررورىستلارغا زەربە بېرىشنى باهانە قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلدى.

رادىئو ــ تېلېۋىزىيە شىركىتى مۇخبىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا بۈگۈن بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن مەررۇى روبىنسون خانىم: بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى. روبىنسون خانىم ئوخشاشلا: تىبەتنىڭ ۋەزىيىتىگە هەم كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

جۇڭگو هۆكۈمىتى تىبەت ۋە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا كىشىلىك هوقۇقا خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى ئىنكار قىلدى. جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى: بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى بۇ هەقىقىي مەسىلە، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى توغرىسىدا ئاللىقاچان مۇراجىئەت چىقارغان ئىدى. بېيجىڭ ئوخشاشلا تىبەتنىڭ سەرگەردان داهىيسى دالاي لامانىڭ قوللىغۇچىلىرى تېررورىستلىق

ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، دەپمۇ ئەيىبلىگەن. بىر ـ بىرىگە ماس كېلىپ قالغىنى شۇ بولدىكى، بۈگۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى «تىبەت توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلىپ: تىبەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، دەپ كۆرسەتكەن.

مەررۇى روبىنسون خانىم: تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش بىلەن كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئوڭاي ئىش ئەمەس، چۈنكى تېررورىزم دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىمىسى تېخى ئېنىق ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ جۇڭگو تۈرمىلىرىدە تەن جازاسى بېرىش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە يول قويۇش توغرىسىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

روبىنسون خانىم بۇ قېتىم بېيجىڭنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيىلەش، ساقچىلارنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش، قانۇنلۇق خىزمەت قىلىش ساھەلىرى بويىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالايدۇ ۋە جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

# 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 9 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى: بېيجىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلات مىنىستىرلىكى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن 15 نەپەر كادىرنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا (شىنجاڭ) ئەۋەتتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىت: بۇ كادىرلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مەسىلىھەتچىلىككە تەيىنلەپ، ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى تونۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئاساسى جەھەتتىن تىزگىنلىدى. شىنجاڭغا ئارمىيە ـ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كەلگەندىن باشقا، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى ھەم يۆتكەپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلىمەكچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2001 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىت: 11 ــ كۈنى شىنجاڭ سوت مەھكىمىسى، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان سالغۇچى، مىللىي بۆلگۈنچى جىنايەتلىرىنى ئارتىپ، 24 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرىغا 5 يىللىقتىن 20 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلدى.

«11 ــ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلارغا تۈركۈم ــ تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بۇ ھەرىكەت ئېنىقكى ئۇيغۇرلارغا دۆلەت تېرروررىزمنى يولغا قويغانلىقتۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق سىياسىي ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغانلىقتۇر. بۇ ھەرىكەت پەقەت لۈكچەك دۆلەتلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر.

## 2001 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» جۇڭگو خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 15 ــ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى: بۇ خەۋەرگە ئاساسلىنىپ «دۇنيا گېزىتى» مۇنداق خەۋەر تارقاتتى. جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە بىنائەن، باياناتچى جوباڭزاۋنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 14 ــ كۈنى چەت ئەل مۇخبىرلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە پەيدا قىلغان بىر قاتار قانلىق دېلولىرىنى پاش قىلدى.

باياناتچى جو باڭزاۋ: 1992 ــ يىلى 2 ــ ئايدا «ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى» ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇس پارتلىتىپ، ئۈچ نەپەر ئادەم ئۆلدى، 22 نەپەر كىشى يارىدار بولدى، 1993 ــ يىلى 6 ــ ئايدىن 9 ــ ئايغىچە «شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى» جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا بىر قاتار پارتلىتىش ۋەقەلىرى پەيدا قىلىپ تۆت نەپەر كىشىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈردى، 30 نەپەر كىشىنى يارىلاندۇردى، 1996 ــ يىلى 7 ــ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئادالەت پارتىيىسى» شايار تۈرمىسىدە تۈرمىدىن قېچىش ھەرىكىتىنى پىلانلاپ، 15 ئادەمنى ئۆلتۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى جۇباڭزاۋ يەنە: 1997 ــ يىلى 2 ــ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقلىق پارتىيىسى» ئۈرۈمچىدە پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ توققۇز نەپەر كىشىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈردى. 74 نەپەر كىشىنى يارىلاندۇردى. 1998 ــ يىلى 3 ــ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان

مىللىي مەركىزى» زوراۋانلارنى كۆشكۆرتۈپ تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى. 2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش بازىرىغا ئوت قويۇپ بەردى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىشكەك شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن جۇڭگو ساقچىلىرىدىن بىر كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» رەھبەرلىكىدىكى تېررورىستلار قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئىككى نەپەر قازاق ساقچىنى ئۆلتۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى جۇباڭزاۋ يەنە: شەرقىي تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرىنىڭ، خەلقئارا تېررورىست كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا مىسال كەلتۈرۈپ: ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان «ئۇيغۇرىستان ئاللاھ پارتىيىسى» قاتارلىق تەشكىلاتلار خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ ھەربىي ۋە مالىيە ياردىمىنى ئېلىپ، ئافغانىستاننىڭ ھەربىي لاگېرىدا، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرى، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىككى قېتىم «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى پارتىيىسى»گە ماسلىشىپ، ئۆزبېكىستانغا، قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ قوراللىق توپىلاڭ پەيدا قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى جۇباڭزاۋ: پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى «شەرقىي تۈركىستانچى» مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچى ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە چەت ئەللەردە بىر قاتار تېررورىستلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، بۇ تېررورىستلار

خەلقئارا تېررورىست كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. شۇڭا تۈركىستانچى تېررورىست كۈچلەرگە زەربە بېرىش خەلقئارا تېررورىستلارغا قارشى كۈرەشنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ كۆرسەتتى.

# 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

باياناتچى دىلشات رەشىت ۋە چەت ئەللەردىكى خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىقى، ئاياللارنىڭ بېشىغا ياغلىق ئارتماسلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

چەت ئەللەردە كۆزەتكۈچىلەر ۋە باياناتچى دىلشات رەشىت: 40 نەپەر ئاخۇننى جايلاردىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات يىغىنىغا قاتناشتۇرغان. «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكىدا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ كوچىغا چىقالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشلەنگەن كاستلارنى ئاخۇنلارغا كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئافغانىستاندا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى كۈچەيگەنلىكتىن، ئەنسىرىگەن خىتاي دائىرىلىرى، مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئامېرىكىغا قارشى ئىدىيىۋى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارىغان.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن، جۇڭگو دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا باستۇرۇشنى كۈچەيتتى، دەپ كۆرسەتكەن، يېقىنقى خەۋەرلەر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا كۆرسەتكەنلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. يېقىندىن

بىرى ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچىلەر توپىلاڭ كۆتۈرىدىغان ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى.

سىستىرالارنى تەربىيلەيدىغان خوتەن تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچى: ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتماسلىققا زورلاندى، ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، دېدى. بۇ ئوقۇتقۇچى يەنە: خوتەندە ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ روزا تۇتماسلىقى تەلەپ قىلىندى ۋە ئوقۇغۇچىلار شۇنداق قىلىشقا زورلاندى. رامىزان ئەتە باشلىنىدۇ. ۋەزىيەتنى قاتتىق كونترول قىلىشقا مەجبۇرلاندۇق، مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا ئوقۇغۇچىلار بىللە تاماق يېيىشكە مەجبۇرلاندۇق، ـ دېدى. ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتىدىغان بولسا، مەكتەپتىن قوغلىنىش تەھدىتىگە دۇچ كېلىدىكەن.

# 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن خەۋىرى:

بېيجىڭ دائىرىلىرى يېقىندا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى خەلقئارا سەپتە تېرروررىستلارغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىلىق بەزى كۆزەتكۈچىلەر: بېيجىڭ خەلقئارا سەپتە تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلىك هوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلارنى باستۇرۇشنى كېڭەيتتى، دەپ ئەنسىرىدى.

ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى 21 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: جۇڭگو يېقىندىن بېرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان قۇرۇشنى ئۈمىد قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى، بېيجىڭ هۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشنى قوللايدىغان خەلقئارا قوللىغۇچىلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى چەت ئەل مۇخبىرلىرىغا بايانات ئېلان قىلىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندا هەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى هەرىكىتى خەلقئارا تېرروررىست تەشكىلاتلارنىڭ ئىزچىل ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۇلار بىرقانچە قېتىم پارتلىتىش ئۇيۇشتۇردى ۋە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا هۇجۇم قىلدى، دېدى.

كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ رەهبىرى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە بېرىپ: ئاخبارات خادىملىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا

ھەقىقەتەن ئاز ساندىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، ئىراق، تىنچ يول بىلەن ئالىي ئاپتونومىيە ياكى مۇستەقىللىق ئىزلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتتە يۇقىرىقى كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ خەۋەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ 3000 نەپەر ئۇيغۇرنى قولغا ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

## 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ شاگاگدىن بەرگەن خەۋىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) مالىيە مەكتىپىدە 40 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى خىتاي تىلىدا دەرس ئاڭلاشنى رەت قىلغانلىقتىن مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىلىدى، دېدى. 222 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چارە كۆرگەندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

## 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ خەۋىرى: رېيتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 6 ـ چېسلا يوللىغان تېلېگراممىا خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى تۈنۈگۈن: ئافغانىستاندا تالىبانلار بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىنىدى بىراق، ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنى جۇڭگوغا تاپشۇرۇپ بېرىش پىلانى يوق، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ تېرروررىستلارغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئالاھىدە ئەلچىسى تەيلۇر ئەپەندى: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دىن ئافغانىستانغا كەلگەن قانچە نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاشكارىلاشنى رەت قىلدى. تەيلۇر ئەپەندى: بۇ ئۇيغۇرلار قاتناشقان تەشكىلاتلارنى ئامېرىكا تېررورىست تەشكىلات، دەپ تىزىمغا ئالمايدۇ، بۇ تەشكىلاتلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان تەشكىلاتلاردۇر، دەپ كۆرسەتتى.

تەيلۇر ئەپەندى: بىز (ئامېرىكا) ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى تېررورىست تەشكىلاتلار قاتارىغا كىرگۈزمەيمىز ھەم بۇ تەشكىلاتلارنى تېررورىست تەشكىلاتلار، دەپمۇ قارىمايمىز، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە جۇڭگو ھازىرغىچە بۇ كىشىلەرنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىدى، بىراق ئامېرىكا بۇ كىشىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ بولغان ئىدى، دېدى.

جۇڭگو ئۆتكەن ئايدا، جۇڭگونىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشى توغرىسىدا مۇراجىئەت چىقىرىپ:

ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىچىنىشلىق ھۇجۇم ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلدى، دېگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ باياناتچىسى، نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئافغانىستاندا تېررورىستلارنىڭ باشلىقى ئوسامە بىن لادىننىڭ لاگېرىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدى، دېگەن. لېكىن تەيلۇر ئەپەندى: ئامېرىكا جۇڭگونىڭ مۇراجىئىتىگە جاۋاب قايتۇرمايدۇ، ـ دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىغان جۇڭگو، ئامېرىكىنىڭ تېررورىستلار توغرىسىدا قوش ئۆلچەم قوللانماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر: جۇڭگو ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنى باستۇرغاندا كىشىلىك ھوقۇقنا خىلاپلىق قىلدى، دەپ تەنقىدلىمەسلىكى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ نورۋېگىيىنىڭ پايتەختى ئوسلودىن تارقاتقان خەۋىرى:

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى سايلام كومىتېتى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لەندىستار ئەپەندى 8 ـ كۈنى: نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى سايلام كومىتېتى جۇڭگودا دېموكراتىيىنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەيدانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 21 ـ ئەسىردە جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلاشتى، دەپ كۆرسەتتى.

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى 8 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. دالاي لاما قاتارلىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ مۇكاپاتنىڭ ساھىبلىرى ئۈچ كۈن يىغىنغا قاتناشتى. لەندىستار ئەپەندى خاتىرىلەش، تەبرىكلەش يىغىنىدا: نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى كەلگۈسىدە مۇكاپات تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشى مۇمكىن. مۇھىت قوغداش، ئاخبارات، تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش جەڭچىلىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىششى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى.

لەندىستار ئەپەندى: گەرچە جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا كىشىلىك ھوقۇق بىر ئاز ياخشىلانغان بولسىمۇ، تىنچلىق مۇكاپاتىنى تارقىتىش كومىتېتى ئىشنىڭ كېچىكىپ قالماسلىقىنى تەكىتلەپ يەنىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەر شارى دېموكراتىك نىشانغا يۈزلەندى ، پەقەت جۇڭگو بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ كومتېت كىشىلىك هوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئەقىدىسىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەشەببۇس قىلىدۇ.

لەندىستار ئەپەندى: 1989 ــ يىلى جۇڭگو هۆكۈمىتى دېموكراتىك هەرىكەتنى تيەنئەنمىندە قاتتىق باستۇردى. شۇ يىلى دالاي لاماغا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى بېرىلدى. بۇنداق نەتىجە ئەلىۋەتتە جۇڭگو هۆكۈمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئانالىزچىلار: لەندىستار ئەپەندىنىڭ باياناتى جۇڭگو رەهبەرلىرىنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن. جۇڭگو هۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە، جۇڭگودا غەيرىي پىكىرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن سەزگۈر، دەپ داۋاملىق ئاغرىنىپ بېرەتتى. ئىككى يىل بۇرۇن، نورۋېگىيە مەتبۇئاتلىرى، جۇڭگولۇق ۋاڭ دەن، ۋېي جىڭشىڭ مۇكاپاتقا ئېرىششى مۇمكىن، دەپ خەۋەر قىلغاندا، جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قاتتىق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى ئەننان ئەپەندى، بۇ يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇكاپاتلاش مۇراسىمى 10 ــ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەننان ئەپەندى 8 ــ كۈنى ئوسلوغا يېتىپ كەلدى.

# 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» جۇڭگو ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 10 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

نۆۋەتتە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا يەنى ئۈرۈمچىدە پۈتۈن ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) بويىچە مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدا تېلېفون ـ تېلېۋىزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ گوبېرناتورى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا: نۆۋەتتە شىنجاڭ ئىنتايىن ئېغىر، مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى، هوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشىمىز، دۈشمەن كۈچلەرگە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، زوراۋانلىق قىلغۇچى تېرروروستلارغا قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك، دېدى.

جۇڭگو ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

ۋاڭ لېچۈەن، پارتىيە ـ هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ساقلىشى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىنچىكە ئىجرا قىلىشى، ئىقتىسادى خىزمەتلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، بىرنەچچە كۈن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بىخۇدلىشىپ قالماسلىقى لازىم، دېدى.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشنى مۇهىم ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. مۇقىملىقنى قوغداشتا ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، دېدى.

ئـۇ مۇسـتەملىكە ئۇيغۇرىـستان (شـىنجاڭ) دىكـى ھەر دەرىجىلىـك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەيدىغان ئـىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشنى چىقىش قىلىـپ، خەلقئـارا ۋەزىيەتنـى ۋە بـۇ ۋەزىيەتنىـڭ مۇسـتەملىكە ئۇيغۇرىـستانغا (شـىنجاڭ) كۆرسەتكەن تەسىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋەزىيەتنـى كۆزىتىـشكە مـاھىر بولـۇش، مـۇداپىئە كۆرۈشـىنى كـۈچەيتىش، ئـۈچ خىـل كۈچلەرنىـڭ پائـالىيەت ماكـانىنى تـارايتىش، مـۇقىملىقنى قوغداشـنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ لېچـۈەن: ھەر دەرىجىلىـك ھۆكـۈمەتلەر جەمئىـيەت مۇقىملىقىغـا باغلىق ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلەپ، جەمئىيەتنـى باشقۇرۇشـنى كۈچەيتىپ، ئاساسى قاتلام قۇرۇلۇشىغا ئەھمىـيەت بېرىـپ، جىنـايەتچىلەرنى بايقىغان ھامان زەربە بېرىش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئـاز سـانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قارىتىلغـان تەشـۋىقات، تەربىيىنـى كـۈچەيتىش، قـاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچ خىل كۈچلەرگە قارىتـا خەلـق ئۇرۇشى ۋەزىيىتى يارىتىش كېرەك، دېدى.

12 ــ ئاينىــڭ 10 ــ كــۈنى «شــىنجاڭ گېزىتــى» دۈشــمەن كۈچلەرنىــڭ دۈشــمەنلىكىگە، مىللىــي بۆلگۈنچىلەرنىــڭ ھەرىــكەت پائالىيەتلىرىگە، زوراۋان تېرروربىستلارنىڭ ئۆلتـۈرۈش، پـارتلىتىش، مەخپىـي ئۆلتۈرۈشلىرىگە ئائىت سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى باش بەتتە ئېلان قىلدى.

## 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ تارقاتقان خەۋىرىدە فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى مۇنداق كۆرسەتتى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جاڭ چى يۈ، 11 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ: ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان جۇڭگولۇق تالىبانلارنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئەگەر جۇڭگو پۇقرالىرى ھېسابلىنىدىكەن بۇ كىشلەر جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى، جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك، دېدى. باياناتچى: ئافغانىستان ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

باياناتچى جاڭ چى يۈ: تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شۇنداق بايانات ئېلان قىلدۇكى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى، تېرروريستلاردۇر، ئۇلارنىڭ خەلقئارا تېرروريستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاددىي مۇناسىۋەت ئەمەس، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئافغانىستاندا تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، دېدى. شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئۇ: ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئافغانىستاندا ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىدىن ھەيران بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېقىندىن بېرى جىددىي ياخشىلىنىشقا ئۆزگەرگەن ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى، جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى

بىلەنلا، بۇ مەسىلە جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە قول تۇتىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

11 ــ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللىغان، بەلكى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان بۆلگۈنچىلىرىنى باستۇرۇشنى كۈچەيتكەن ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ، جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى توغرا چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆتكەن ھەپتە مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرغۇچى تەيلۇر ئەپەندىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئامېرىكا بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى بىردەك تېررورىست، دەپ قارىمايدۇ. بەلكى بۇ كىشىلەر ئۇيغۇرىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر، دەپ قارايدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن ئىدى.

## 2001 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 21 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارنى باستۇرۇپ توققۇز نەپەر دىنى ئەربابنى قولغا ئالدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان دائىرىسىدە ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ھەمدە قانۇنسىز دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ توققۇز نەپەر دىنى ئەربابنى قولغا ئالدى. ساقچىلار تاملارغا ئۇقتۇرۇش چاپلاپ، دىنى دۈشمەنلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋانلىق قىلغۇچى تېرروررىستلارنىڭ ساقچى تەرەپكە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

كورلا شەھرىدە بىر ساقچى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە: توققۇز نەپەر دىنى ئەربابنى قولغا ئېلىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋانلىق قىلغۇچى تېرروررىستلار ۋە دىنى رادىكالىستلارغا زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى، دېدى. ئۇ يەنە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى 12 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى باشلىغان ئىدۇق، بۇ ھەرىكەت كېلەر يىلى 12 ــ ئايدا ئاخىرلىشىدۇ، دېدى.

دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلانغىكى توققۇز نەپەر دىنى ئەرباب قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر يىل ئىچىدە 20 قېتىمدىن كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر

تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى، دېيىشتى خىتاي ساقچىلىرى.

مەتبۇئاتلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ستاتە كەلتۈرۈپ بۇ قېتىمقى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ يولغا قويۇلۇپ، يەنە 10 دىن ئارتۇق دىنىي ئەرباب قولغا ئېلىندى، دەپ كۆرسەتتى.

رېپتېر ئاگېنتلىقى: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ غەربىدىكى بورتالا ۋىلايىتىدە ۋە جەنۇبىتىكى خوتەن ۋىلايىتىدە يەنە 10 نەچچە نەپەر دىنىي ئەرباب ۋە ئۇلارنىڭ تالىپلىرى قولغا ئېلىندى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىككى ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق خىتاينىڭ ساقچى ئورگانلىرى بۇ توغرىدا پىكىر بايان قىلىشنى رەت قىلدى.

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 10 ـ كۈنى مەملىكەتلىك بىر يىغىندا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: دىندىن پايدىلىنىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەندىن كېيىن، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى دەرھال مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى.

* * * * *

ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەھلىلى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ، تالىبانلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقى، بېيجىڭنىڭ ۋاشىنگتونغا ئىشەنمەسلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى، ھەمدە بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا قوش ئۆلچەم قوللىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

21 ـ كۈنى «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى» يەر شارى ئاخبارات شىركىتىنىڭ نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىسى بىككېرنىڭ تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ: ئامېرىكا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى تېررورىست، دەپ قارىمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا، ئامېرىكا تەرەپتىن قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ، جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش تەلەپلىرىنى رەت قىلىدۇ. رەت قىلىش بېيجىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسىرگە چۈشكەن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ـ بەرمەسلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ «دۇنيادا ياخشى تېررورىست يوق» دېگەن سۆزىگە بىر سىناق بولۇپ قالدى.

بىككېر ئەپەندى: تېررورىستلارغا ئورتاق زەربە بېرىش جەھەتتە ھەمكارلاشقانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا بېيجىڭ ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىشان قىلغانلىقى بولۇپ، ۋاشىنگتونىنىڭ «جۇڭگو تەھدىتى» قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. بېيجىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ۋە تىبەت بۆلگۈنچىلىرىگە زەربە بېرىشنى خەلقئارا جەمئىيەتكە قوبۇل قىلدۇرۇشنى ئويلايتتى. ئەمدىلىكتە جۇڭگو تېررورىزمغا قارشى

تۇرغۇچى خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ پەقەت ئامېرىكا دۇچ كەلگەن تەھدىتكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ كەشمىر، چېچەن، تىبەت، ئۇيغۇر تېررورىستلارنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكەتلىرىگە كۆز يۇمغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ يەتتى، - دەپ كۆرسەتتى.

## 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ خەۋىرى:

يېقىنــدىن بېــرى مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىــستاندا (شــىنجاڭ) مىللىــي بۆلگــۈنچىلەر، تېررورىــستلار، دىنــى رادىكالىــستلارنىڭ پائــالىيەت قىلىــشىغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ شىنجاڭ چېگرا مـۇداپىئە قىـسىملىرى 1 ـ دەرىجىلىك ھەربىــي ھـالەتتە تـۇرۇش توغرىــسىدا قىـسىملارغا بـۇيرۇق چۈشــۈردى. ســاقچىلار ھەم 3 ـ دەرىجىلىــك ھــالەتتە تــۇرۇش بــۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدى.

# 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 26 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خىتاي ساقچى ئىدارىسى، يېقىندا 200 دىن ئارتۇق خىتاينى قولغا ئالدى. «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىتنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، قولغا ئېلىنغان كىشىلەر قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار ۋە پارتلىتىش ئېلىپ بارغان جىنايەتچىلەر، ئىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەن.

لى پىڭ ئىسىملىك خىتاينىڭ گۇرۇھىدا 23 كىشى بار ئىكەن، ماپوچۈەن دېگەن خىتاينىڭ گۇرۇھىدا 17 كىشى بار ئىكەن، ۋاڭ مىڭ دېگەن خىتاينىڭ گۇرۇھىدا 13 كىشى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ قولىدا 372 دانە مىلتىق ۋە ئوق بار ئىكەن. ئۇلار مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا يۈز بەرگەن 10 نەچچە قېتىملىق پارتلىتىش ۋە قوراللىق بۇلاڭچىلىققا چېتىشلىق ئىكەن.

يۇقىرىقى پاكىتلار يېقىندىن بېرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا يۈز بەرگەن بەزى پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. باياناتچى دىلشات رەشىت: جۇڭگو دائىرىلىرى بۇ جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىككى تۈرلۈك سىياسەت ئىشلەتتى، خىتاي تېررورىستلارنى ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەر قاتارىدا بىر

تەرەپ قىلدى، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلارنى تېررورىستلار، دېدى ۋە قاتتىق
بىر تەرەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ توكيودىن يوللىغان تېلېگراممىسى:

ياپونىيىنىڭ «سانكى خەۋەرلەر» گېزىتى بۈگۈن مۇنداق خەۋەر تارقاتتى: جۇڭگو بۇرۇنقى مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ئامېرىكىغا، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق قوللاشقا نىسبەتەن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى: بۇ بېيجىڭنىڭ تاكتىكىسى، بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

گېزىت مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ دەسلەپتە ئىپادە بىلدۈرگەن ۋاقىت، شاڭخەيدە ئامېرىكا، جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن ۋاقىت 10 ـ ئاي ئىدى. شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئومۇمى بىخەتەرلىككە پايدىلىق، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. جۇڭگو ئۆتمۈشتە ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ئەگەر جياڭ زېمىن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەۋجۇت، دېگەن سۆزنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەربىي مەۋجۇدلۇققا قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا بېيجىڭدا سىياسەتنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەگەر جياڭ زېمىنىنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشىدە، شۇ چاغدا ھەربىي مەۋجۇدلۇق تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشىنىڭ مەنىسى بەلگىلەنمىگەن بولىدۇ.

بىراق، نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىدا ھۆكۈمەتكە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر: مۇشۇ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە، بېيجىڭ دائىرىلىرى، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ئېنىق قىلىپ: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھازىردىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ، دەپ بىلدۈردى، دەپ كۆرسىتىشتى.

خەۋەردە ئانالىز قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئەڭ بۇرۇن بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى كەيلى بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ يىنى زىيارەت قىلغاندا، ۋاڭ يى قاتارلىقلار ئەگىتمە يوللار ئارقىلىق بېشارەت بېرىپ؛ ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو، ئامېرىكا دىپلوماتلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جىياشۈەنمۇ ئېنىق قىلىپ، ئوخشاش پىكىرنى تەكىتلىگەن. 10 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا، جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەتتىن كېيىن بېيجىڭ تەرەپنىڭ نۇرغۇنلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئېنىق قىلىپ بۇ توغرىدا ئاغزاكى ئىپادە بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدە خەۋەردار كىشىلەر: پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى، ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىن جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلىش سىياسىتى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، بۇ قېتىمقى ئىپادە بىلدۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى تاكتىكا، دەپ قارايدۇ، دېيىشتى.

ئامېرىكا، ئاغزاكى، يۈزەكى ئىپادە بىلدۈرۈشلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدە خەۋەردار كىشىلەر مۇنداق كۆرسەتتى:

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ئىستراتېگىيىلىك يوشۇرۇن دۈشمەن، دەپ مۇئامىلە قىلىشنى جۇڭگو تەرەپ خالىمايدۇ، چۈنكى، جۇڭگو ئامېرىكا كونگرېسى دۆلەت مۇداپىئە پىلانىدا، تەيۋەن مەسىلىسى، راكېتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەسىلىسى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە قاتتىق سىياسەت بەلگىلەيدىغان بولسا، جۇڭگوغا پايدىسىز، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى يوشۇرۇن ئىستراتېگىيىلىك دۈشمەن ـ، دەپ قاراپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىقىدەك پىكىرلەرنى تەكرارلاپ ئىپادە بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

# 2001 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى

خۇلاسە

2001 ـ يىل ئاخىرلاشتى. بۇ بىر يىلدا نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. 2001 ــ يىلى دۇنيادا شۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىملەر ئويلىغان ئىدى، سابىق سوۋېتلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدەك، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيە چېكىنگەن ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. بىراق پەرەز قىلغان كىشىلەر بولغان ۋەقەلەرنىڭ قاچان يۈز بېرىشىنى كونكرېت ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقانتى. كەلگۈسىدە بۇ رايوندا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا قانداق رول ئوينايدۇ، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ ياتقان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر تەرىپى ــ ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەن ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا، رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرى، رۇسىيە، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى، ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولىدۇ، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي رىقابەت ياكى ئىتتىپاقداشلىق بۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەم كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىش پەرەز قىلىش، تەھلىل قىلىشتىنلا ئىبارەت خالاس.

ئامېرىكا، ئافغانىستان ــ تالىبانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. بۇ ئۇرۇش خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستانغا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق، ئازادلىق ئىدىيىلىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھوقۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىپ قايتا تەشكىللىنىشىگە، ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھوقۇق، مەنپەئەت تەقسىماتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بېيجىڭنىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتىگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا تالىبانلارغا ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى دەرھال قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈپ: ئامېرىكا ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرى، قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دەيدىغان كونا مۇقامنى تەكرارلاپ، ئۇنداق بولمايدىكەن ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، پۈتۈن دۇنياغا بۇيرۇق بېرەلەيدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇنداقلا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىخەتەرلىك كومىتېتىغا ئەزا بولۇشتەك لاياقىتىگە ئاساسلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاقىدار بېيجىڭنىڭ خەلقئارا ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، خەلقئارا سىياسەتتە پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىدى. خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە بېيجىڭنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشىدىن ساقلىنىشنىمۇ ئويلاشتى.

ئەمەلىيەتتە 11 ــ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن دىپلوماتىيە ساھەسىدە مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ كەتتى، جانلىنىپ كەتتى. تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ بېيجىڭ چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈپ، چوڭ

دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن باردى ــ كەلدى قىلىپ ئاكتىپ رول ئوينىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆزىنى رايون خاراكتېرلىك چوڭ دۆلەت، دەپ چاغلىغان جۇڭگو ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا، بۇ دۆلەت جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسىدىكى رايون، دەپمۇ ئويلىغان. جۇڭگو دېگەن بۇ دۆلەت ئوتتۇرا ئاسىيا قىرغاقلىرىغا قاچان يېقىنلاشقان ئىدى، بۇ توغرىدا ئويلاپمۇ قويمىغان. يېقىندىن بېرى جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «بىخەتەرلىكى» بويىچە جۇڭگو ئاق قۇلاق رۇسلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلاشقاندا ئىككى دۆلەت ــ رۇسىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتقان، چۈنكى ھەر ئىككى دۆلەت ئافغانىستاندىن كېلىدىغان بىۋاستە تەھدىتكە دۇچ كەلگەن.

ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندا ھەرىكەت قوللىنىشى خىتاي بىلەن ئاق قۇلاق رۇسلار بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «بىخەتەرلىكى» مۇقىملىقى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان ھوقۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئامېرىكا ئافغانىستانغا كىرىپ تالىبانلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، تالىبانلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرامدۇ، ساقلاپ قالامدۇ ياكى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرامدۇ؟ بۇ ئىشلار ئافغانىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ھەمدە ئىككىنچى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ۋەزىيىتىگىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ سىياسەتۋازلىرى، ئامېرىكا، ئافغانىستانغا ئەسكەر چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ كەلگۈسىدە ئافغانىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان بولسا ياكى ھەربىي بازىلار قۇرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا ئارمىيىسى خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئافغانىستاندا ھەتتا

جەنۇبىي ئاسىيا قورۇقلۇقىدا تۇرۇۋېلىپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا خىتاينىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى ۋە ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى نازارەت قىلالايدۇ، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا يەرشارى مىقياسىدا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئافغانىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ جۇڭگونى قورشاۋغا ئالىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقاردى.

## 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

«تەيـۋەن مەركــىزى ئـاگېنتلىقى» مۇخبىرىنــىڭ بېيجىڭـدىن بەرگەن خەۋىرى:

خىتاينىــڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىــستىرلىكى بـۇ يىـل بالـدۇرراق تېررورىــستلىق ھەرىكەتـلەرگە قارشـى تۇرىــدىغان مەخـسۇس پونكـىسىيە ــ تېررورىزمغـا قارشــى تـۇرۇش ئىشخانىــسى قـۇرۇپ چىقىــشنى پىلانلىــدى. شـاڭگاڭدا نەشـر قىلىنىــدىغان، كوممۇنىــستىك پارتىيىنىــڭ ئـاۋازى «ۋىـن خۇيباۋ گېزىتى»: بۇ، ئالاھىدە ھەرىكەت ساقچى قىسىملىرى قۇرۇلغانـدىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىـستىرلىكىنىڭ مـۇداپىئە بىلەن زەربە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تېررورىستلارغا قارشى تۇرىدىغان يەنە بىر قېتىملىق زور تەدبىر، دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەردە: بېيجىــڭ دائىرىلىــرى خەلقئـارا تېررورىــستلىق ۋەقەلىرىــدىن پەخەس بولۇشنى، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشـنىڭ مـۇھىم نۇقتىــسى قىلىــپ، كەلگۈسىدە ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىستلارنىڭ جۇڭگـو چېگرىــسىدىن كىرىــشىنى قـاتتىق تىــزگىنلەپ تېررورىــستلار ۋە گۇمـانلىق كىشىلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە ۋىـزا قويـۇپ بەرمەسلىك بىلەن بىللە ئوخشاشلا، خەلقئارادا قوللىنىۋاتقان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھاۋا قاتناشـنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتمەكچى بولدى، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

«جۇڭخۇا ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 3 ــ كۈنى ئۈرۈمچىدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ساقچى، تەپتىش، ئەدلىيە ئورگانلىرى بىرلىشىپ، غۇللۇق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېرروررىست ئۇنسۇرلار، دىنىي رادىكالىستلار بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۆۋە قىلىپ باش ئېگىپ، ئىقرار قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن بۇرۇن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي رادىكالىستلار، زوراۋان تېرروررىستلارنىڭ باش ئېگىپ تۇۋا قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇددىتى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. «ئۇقتۇرۇش» تا: بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېلو مەلۇم قىلىپ مەسىلىنى، جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇرغۇچىلار، قانۇن بويىچە يېنىكلىتىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

## 2002ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى تۇنۇگۈن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مىنىستىرلەر يىغىندىن كېيىن بايانات ئېلان قىلىپ: تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويماسلىق كېرەك؛ قوش ئۆلچەم قويماسلىق كېرەك، ـ دەپ تەكىتلىگەندىن كېيىن، »شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر، ھەرقايسى ئۆز دۆلەتلىرى ئىچىدە تېررورىزمنىڭ تەھدىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى چەك دائىرىسىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ـ دەپ شەرھلەندى.

«شىنخۇا ئاگېنتلىقى» مۇخبىرى خەۋەر قىلىپ: يىغىنغا جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جاشۇەن رىياسەتچىلىك قىلدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

تاڭ جاشۇەن: ھەرقايسى دۆلەتلەر بىشكەك شەھىرىدە تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش فۇنكسىيىسى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان تېررورىستلىرىغا، چېچەن تېررورىستلىرىغا، «ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قاتارلىق تېررورىست تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك، ـ دەپ قارايمەن، ـ دەپ كۆرسەتتى. «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغان ئالتە دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى «بىرلەشمە بايانات»قا ئىمزا قويدى.

باياناتتا: «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، تېررورىستلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي رادىكالىستلار قاتارلىق ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىشى كېرەك، ـ دەپ كۆرسەتتى. بۇ تەشكىلات ب د ت قارار نامىلىرىغا رىئايە قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغۇسى بىخەتەرلىك كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

باياناتتا: ئافغانىستاندا تالىبانلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى، خەلقئارا تېررورىست تەشكىلاتلار ۋە تېررورىست گۇرۇھلارنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ھەرخىل شەكىللىك تېررورىستلارغا زەربە بېرىدۇ ۋە بۇ تەشكىلاتلارنى ئەيىبلەيدۇ، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

ئامېرىكىغا مەقسەتلىك دارىتمىلاپ، باياناتتا: «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمنىڭ كونكرېت مىللىي ياكى دىنىي ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ؛ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى، دىنغا قارشى تۇرۇش، ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ياكى ئايرىم دۆلەت، ئايرىم مىللەتكە قارشى تۇرۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم، دەپ قارايدىغانلىقى شەرھلەپ ئۆتتۇلدى. تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا بىر تەرەپلىمىلىك، قوش ئۆلچەم بولماسلىقى لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغان ئالتە دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بېيجىڭغا توپلىنىپ يىغىن ئېچىۋاتقاندا، «كىشىلىك

ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باستۇرۇشلىرىنى ئەيىبلەپ، ئالتە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ: تېررورىزمغا قارشى تۇرغاندا ئوخشاشلا كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىبار بېرىشكە چاقىردى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى بۇگۇن: سىياسىي ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىز كىشىلەرنى قالايمىقان ئېتىپ ئۆلتۈرۈشمۇ ئەلۋەتتە تېررورىزملىق ھەرىكەتتۇر، ئامېرىكا بۇ خىللىق تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگىمۇ ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

شاڭگاڭلىق مۇخبىر: تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ قوش ئۆلچىمى توغرىسىدا باياناتچىغا سوئال قويغاندا، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى باۋچېر: ئامېرىكا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقى ئىنتايىن ياخشى، شۇڭا قوش ئۆلچەم مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى باۋچېر: ھەممىمىزگە مەلۇم، سىياسىي ئامىللار ئۈچۈن، گۇناھسىز كىشىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشمۇ بىر خىل تېررورىزملىق ھەرىكەتتۇر، بۇنىڭغىمۇ ئامېرىكا ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ، ـ دەپ كۆرسەتتى.

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچى تەشكىلاتى»، جۇڭگو، رۇسىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپلىرىغا ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويدى. بۇ تەشكىلات جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇر

پائالىيەتچىلەرنى، دىنىي تەشكىلاتلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

## 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ تەيىدىن بەرگەن خەۋىرى: غەربنى ئېچىشنىڭ ئاۋۋالقى ئىش تەرتىپى ــ غەربنىڭ گېزىنى شەرققە يۆتكەش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشمە مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتلىرى جۇڭگودا بېكىتىلدى. جۇڭگو نېفىت شىركىتى نۆۋەتتە نېفىت شىركىتى بىلەن 1 مىليارد 800 مىليون دوللارلىق كېلىشىم ئىمزالاپ شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى شەرققە يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. تەيىدە نەشىر قىلىنىدىغان «سودا ــ سانائەت گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، «شېل» شىركىتى غەربنىڭ گېزىنى شەرققە يۆتكەش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭدىن شاڭخەيگىچە 4000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا نېفىت تۇرۇبىسى ياتقۇزماقچى بولدى.

2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭدا كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويۇلغان ئىدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، چەت ئەل مالىيە گۇرۇھلىرى «شېل نېفىت شىركىتى» ۋە رۇسىيىنىڭ «Gazprom» نېفىت شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ 45% پاي چېكىگە ئىگە بولىدىغان، جۇڭگونىڭ نېفىت شىركىتى 50% پاي چېكىگە ئىگە بولىدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ Exxon Mobel نېفىت شىركەت گۇرۇھمۇ، جۇڭگونىڭ بۇ زور قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش رىقابىتىگە قاتناشقان ئىدى.

شۇنداق ئىكەن تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسى، ئافغانىستانغا، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندە خىتاي كوممۇنىستلىرى رۇسىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ نېفىت شىركەتلىرىنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان نېفىتلىكىگە مەبلەغ سېلىشقا تەكلىپ قىلىپ نېمە قىلماقچى؟ بۇ يەردە 300 سەر تەڭگە يوق يەنى بۇ يەردە مىللىي مەسىلە مەۋجۇد ئەمەس، ـ دېمەكچىمۇ؟

# 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى: گېرمانىيىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان «ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد، ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپ: خوتەن ھەربىي ئايرودورومى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ. لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بۇ قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

دىلشات رەشىد: خوتەن ئايرودورومى 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھەربىي ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئوخشاش ئىشلىتىپ كەلگەن، ئەمدى ئايرودوروم ئەسلىھەلىرىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا، مۇئاۋىن ھاۋا ئارمىيە قوماندانىنىڭ ئەسكەرتىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

دىلشات رەشىد مۇنداق پەرەز قىلدى: خوتەن ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ يەردە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستاننىڭ ۋەزىيىتىدە تەۋرىنىش پەيدا بولدى. خوتەن ئايرودورومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش بەلكى رايوننىڭ ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار بولسا كېرەك.

# 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:

ئۈرۈمچىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاشكارا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. خىتاينىڭ ئۈرۈمچىگە قۇرۇۋالغان خەلق سارىيىدا يېڭى يىل كېچىلىكى سەنئەت نومۇرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر يىگىت سەھنىگە چىقىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان بىر پارچە شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، پۈتۈن زالنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. نۆۋەتتە بۇ ئۇيغۇر يىگىتنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى. ساقچىلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا بۇ يىگىت ئىشسىز ئىكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرەشىد بۇ ۋەقەنى ئېغىزغا ئېلىپ: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا كاپشىدى.

شاڭگاڭ «ئەينەك گېزىتى»نىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»دىن سىتاتە كەلتۈرۈپ تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا: يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا ئاڭلاش كېچىلىكىدە ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ئىشسىز يۈرگەن تۇرسۇنجان ئەھمەد سەھنىگە چىقىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرغان كۆرۈرمەنلەرگە، ئۆزى يازغان بىر پارچە شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن. ئىستىلىستىك ۋاستە، يوشۇرۇن ئوخشىتىش بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىر ئىجتىمائىي رېئاللىققا ھۇجۇم قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىش، جەمئىيەتكە، رېئاللىققا

ھۆكـۈمەتكە قارشـى تـۇرۇش خاھـشلىرىنى كۈچلـۈك بەدىئـي ۋاسـتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، جەڭگىۋارلىققا، قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە شـېئىر بولۇپ ئىنتايىن ئېغىر سياسىي ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلغان.

ساقچىلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا بۇ ئۇيغۇر يىگىت بـېلەت ئېلـىپ زالغـا كـىرگەن بولـۇپ، ئارقـا تەرەپـتە ئولتـۇرۇپ، سـەنئەت نومـۇرلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېـيىن تۇيۇقسىز سـەھنىگە چىقىـپ شـېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان.

ئاپتونوم رايونلۇق قورچاق پارتكوم ۋەقەگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىـپ، دەرھال يىغىن چاقىرىپ، خىزمەت تەرتىپلىرىنى ئورۇنلاشـتۇرۇپ، بـۇ ۋەقەگە مۇناسـىۋەتلىك ئورگـانلارنى ئەسـتايىدىل تەكـشۈرۈپ، قـاتتىق بىـر تەرەپ قىلىـپ، جەمئىيەتتىكـى تەسـىرىنى يوقىتىـشنى، بۇنىڭـدىن پايـدىلىنىپ مىللىي بۆلگـۈنچىلىككە قارشـى يەنە بىـر قېـتىم تەربىـيە ئېلىـپ بېرىـشنى تەلەپ قىلدى.

## 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ خەۋىرى:

شتابى نيۇ-يورك شەھىرىگە جايلاشقان كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»، يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا: جۇڭگو ۋە رۇسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدە غەيرىي سىياسىي قاراشتىكى ئىگە سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى تەپ تارتماي باستۇرۇشقا باشلىدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» 16 ـ كۈنى دۇنيادا 76 دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى، ئامېرىكىنىڭ تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە پايدىلىق دەپ ئاتاپ كەلدى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى، ئامېرىكىنىڭ تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى بولدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن چېچەنلەرنى قانلىق باستۇرۇش ھەربىي ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، تەپ تارتماستىن چېچەنلەرگە زەربە بېرىش ئامېرىكا زەربە بېرىدىغان خەلقئارا تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ـ دېدى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايمىدى ھەمدە خەلقنىڭ نېگىزلىك كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى، تىبەت ۋە شىنجاڭدا باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالدى، دەپ كۆرسەتتى.

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» بۈگۈن ۋاشىنگتوندا، مۇخبىرلار كۇلۇبىدا، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 2002 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا: پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى، ئاۋۋالقى قارشىلىشىش، تىركىشىشتىن، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ھەمكارلىشىشقا ئۆزگەردى، پرېزىدېنت بۇش ئۆتمۈشتە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەكىتلەپ تۇراتتى، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولدى، كىشىلىك ھوقۇق، سودا ـ تىجارەت ساھەسىدە تەگچۈگلۈقنى قانداق ساقلاپ قالىدۇ؟ ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.

دوكلاتتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن بىر يىلدا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇراسىمىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان پەيتلەردە، بۇ دۆلەتنى خەلقئارا جەمئىيەتكە تونۇتۇش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان پەيتلەردە، خەلقنىڭ نېگىزلىك ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى كونترول قىلىشنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا كۈچەيتتى. ئاتالمىش قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنى رادىكالىست دېيىلگەنلەرگە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىپ، گېزىت ـ ژۇرنال، رىداكسىيىلەرنى پېچەتلەپ، ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىپ، «قانۇن بىلەن باشقۇرۇش» نامىدا سىياسىي تەلەپلەرنى باستۇردى.

* * * * *

«فرانسىيە ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 16 ـ كۈنى ئوسلودىن بەرگەن خەۋىرى:

«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى نورۋېگىيە شۆبىسى»نىڭ رەھبەرلىرى، ۋەزىر لوروۋىككە بايانات ئارقىلىق بىلدۈرۈپ: 19 ـ كۈنى زىيارەت قىلىپ جۇڭگوغا بارغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلىشى توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تاپىلىدى.

باياناتتا: نورۋېگىيە ۋەزىرى لودۇۋىك ئەپەندى، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى تەنقىد قىلىشى كېرەك، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تۆۋەن مۇقامدا تەكىتلەپ قويۇش بىلەن قانائەت قىلماسلىقى كېرەك، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

باياناتتا يەنە: سودا ــ تىجارەت ئىشلىرىنى سۆھبەتلەشكەندىن باشقا، نورۋېگىيە دائىرىلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىلەردە قىيىن ــ قىستاققا ئېلىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 2002 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 20 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى جورجى بۇش جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىنىڭ هارپىسىدا، جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت سوتى ئۇنۇگۇن چۈشتىن بۇرۇن 10 بەتلىك دوكلات ئېلان قىلىپ: شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى قوغلىشىدىغان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇسامە بىن لادىن بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېرروررىستلارغا تاقابىل تۇرغاندا، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن خەلقئارا تېرروررىستلارغا قوش ئۆلچەم قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

10 بەتلىك دوكلاتتا: مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭ ۋە باشقا دۆلەتلەردە پىلانلاپ، تەشكىلاتلار قۇرۇپ بىر قاتار پارتلىتىش، مەخپىي ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەهەر تاشلاش، هۇجۇم قىلىش قاتارلىق تېرروررىستلىق ۋە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى تەشكىللەپ، جۇڭگودا هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ هاياتىغا، مال ــ مۈلكىگە، بىخەتەرلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر زىيان سالدى؛ هەمدە ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋە رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر زىيان سالدى ۋە تەهدىت پەيدا قىلىپ، 1990 ــ يىللاردىن 2000 ــ يىللارغىچە شىنجاڭدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق زوراۋانلىق هەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىپ، 162 نەپەر هەر مىللەت ئامىنىڭ، ئاساسى قاتلام كادىرلىرى،

دىنــى ئەرباپلارنــڭ ئۆلۈشــنى كەلتــۈرۈپ چىقــاردى، 440 نەپەر ئــادەم يارىلاندى، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا: جەنۇبىي ئاسـىيادا پائالىيەت قىلىۋاتقان بۆلگۈنچى ئۇيغۇر تەشـكىلاتلىرى ئۇسـامە بىـن لادىننىـڭ يـاردىمىگە ئېرىـشىپلا قالماسـتىن ئۇخـشاشلا ئۇسـامە بىـن لادىننىـڭ مـۇھىم كـۈچىگە ئايلانـدى، دەپ كۆرستىلدى.

دوكلاتتـا يەنە: ئۇسـامە بىـن لادىـن ئۇيغـۇر بۆلگـۈنچى تەشـكىلاتلارنىڭ پائالىيىتىنى ماددىي خىراجەت بىلەن، ئوق ـ دورا بىـلەن، قاتنـاش قـوراللىرى، مـاددىي لاۋازىمـاتلار بىـلەن تەمىــنلەپلا قالماسـتىن، بەلكـى ئۇيغـۇر مىللىــي بۆلگۈنچىلەرنى لاگېردا ھەربىي مەشىق بىلەن تەربىيىلىدى، دەپ كۆرستىلدى.

ئۇسـامە بىـن لادىـن «ئىـسلام ھەرىكىتــى» تەشـكىلاتى قۇرۇلغانـدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىـي ئاسـىيادا پائـالىيەت قىلىۋاتقـان تېررورىـست ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرىنىڭ كاتتىۋاشـلىرى بىــلەن ئــايرىم ئۇچرىــشىپ ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ جىھاد قىلىـشىغا يـاردەم بېرىـپ، ئۇيغۇرىـستاندا دىــن بىــلەن سىياسـەت بىرلەشـتۈرۈلگەن ئۆلچەملىـك بىـر دۆلەت قـۇرۇپ چىقماقچى بولدى، ـ دەپ كۆرستىلدى.

دوكلاتتا: بېيجىڭ ھەرخىل شەكىللىك تېررورىستلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇخـشاشلا تېررورىزمغــا قارشـى تــۇرۇش مەسىلىـسىدە قــوش ئــۆلچەم قوللىنىشقىمۇ قارشـى تۇرىـدۇ، بېيجىـڭ ھۆكۈمىتىنىـڭ تېررورىـست ئۇيغـۇر كۈچلىرىگە زەربە بېرىشى قانۇنـسىز زوراۋانلىـق ھەرىكەتلىـرىگە زەربە بېـرىش بولۇپ، ھەرگىز باشقا بىر مىللەتكە ياكى باشقا بىر دىنغا قارىتىلغان ئەمەس، ـ دەپ كۆرستىلدى.

# 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگرامما ئارقىلىق تارقاتقان خەۋىرى:

بېيجىڭ دائىرىلىرى 22 ـ كۈنى ئافغانىستان ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار تېرروررىستلاردۇر، شۇڭا جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ـ دەپ كۆرسەتتى. ئوخشاش بىر كۈندە ئامېرىكا تەرەپ: تېرروررىزمغا خەلقئارا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ سىياسىي زۇلۇم سېلىشقا بولمايدۇ، ـ دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۇن يىشى، 22 ـ كۈنى خەلقئارا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: بىز، ئافغانىستان ئۇرۇشىدا ھەقىقەتەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق، بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە تېرروررىست ئۇيغۇرلار، بۇ تېرروررىستلار خەلقئارا تېرروررىستلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەگەر قولغا ئېلىنغان تېرروررىستلار جۇڭگونىڭ گراژدانلىرى ھېسابلىنىدىكەن، ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ تېرروررىستلارنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ـ دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى سۇن يىشى: بېيجىڭ ھەرخىل شەكىللىك تېرروررىستلارغا قارشى تۇرىدۇ، تېرروررىستلىق ۋەقەلەر قەيەردە، قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرسۇن ياكى كىمگە قارىتىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە تېرروررىستلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە تېرروررىستلارغا قەتئىي زەربە بېرىدۇ، ـ دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى باۋچېر ئوخشاش بىر كۈندە باyanات ئېلان قىلىپ: پرېزىدېنت بۇش قوزغىغان تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش؛ مەسىلەن: شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ۋە چېچەنىيە مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئوخشاش توقۇنۇشلارغا بىزنى خۇددى پىلىسرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندەك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇرلىدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى باۋچېر: جۇڭگو ۋە ئامېرىكا ئوخشاشلا تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەر، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورىزمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. شۇڭا بىز تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىغا ئېتىبار بىلەن قارايمىز. بىز، شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە يۈز بەرگەن تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگە ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرىمىز، ـ دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە: شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە: خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى، سىياسىي تەلەپلىرىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگۈچىلەرنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم؛ تېررورىزمغا ئۇنۇملۈك قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، نىگىزلىك كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك، ـ دېگەن مەيدانىمىزنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويدۇق، ـ دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى باۋچېر: شىنجاڭدىن ئافغانىستانغا يېتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار لاگېردا ئۇسامە بىن لادىن بىلەن بىرگە جەڭ قىلماقتا؛ لاگېردا تەلىم ــ تەربىيە ئالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

# 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ 4 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا دۆلەت سوتى ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى يامانلىشىپ كەتتى، يەر ئاستى دىنى جەمئىيەتلەرنى باستۇرۇش، تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستاننى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش؛ بۇلار كىشىلىك هوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىقنىڭ مىسالىدۇر، ـ دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق، ئەمگەك ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينىر، بۈگۈن ئامېرىكا دۆلەت سوتىغا كىشىلىك هوقۇق توغرىسىدا دوكلات بەرگەندە: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو هۆكۈمىتىگە: تېخىمۇ كۆپ دېموكراتىيە تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار تېررورىست ئەمەس، ـ دەپ ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

يەر شارىنىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا توختالغان دوكلاتتا: جۇڭگو بىر پارتىيە هۆكۈمرانلىقىدىكى مۇستەبىت دۆلەت، كىشىلەرنىڭ غەيرىي پىكىرلەرنى ئىختىيارى ئىپادىلەش ۋە رەهبەرلەرنى ئىختىيارى ئالماشتۇرۇش ئەركىنلىكى يوق؛ جۇڭگو هۆكۈمىتى، هۆكۈمەتكە تەهدىت پەيدا قىلىدى، ـ دەپ تونۇغان شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارنى باستۇرۇپ كەلدى، دېيىلدى.

دوكلاتتا: جۇڭگو هۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 4 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش هەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، غەيرىي

پىكىردىكىلەرگە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، يەر ئاستى دىنى تەشكىلاتلارغا زەربە بەردى. جۇڭگو مەتبۇئاتلىرىنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن بىر يىلدا خىتاي ھۆكۈمىتى 200 دىن ئارتۇق كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى، دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا يەنە: جۇڭگونىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا تۇغۇت چەكلەش مەجبۇرى يولغا قويۇلماقتا، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ 13 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان، جۇڭگو كومىتېتىنىڭ 18 نەپەر ئەزاسى بۆگۈن پرېزىدېنت بوشقا خەت يېزىپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ نۆۋەت جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىش خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان قانۇن لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ۋە بۇ قانۇن لايىھىنىڭ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنى 18 ـ كۈنى جەنۋەدە چاقىرىلىدۇ.

جۇڭگو كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ پرېزىدېنت بوشقا يازغان خېتىدە: گەرچە ئۆتمۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن لايىھىلەر كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، قانۇن لايىھىلەرنى پائال كۈن تەرتىپكە قويۇش، جۇڭگونى، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئېتىبار بىلەن قاراشقا مەجبۇرلايدۇ، ـ دەپ كۆرسىتىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا گەرچە ئامېرىكا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرمىگەن بولسىمۇ، ئەزا بولمىغان دۆلەتلەرمۇ، مەلۇم دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا، قانۇن لايىھە ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، ـ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى

ئامېرىكىنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشقا قوشۇلىدۇ، - دەپ كۆرسىتىلدى.

ئامېرىكا كونگرېسسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتى توققۇز نەپەر كېڭەش پالاتاسىنىڭ، توققۇز نەپەر ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن. جۇڭگو كومىتېتى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى نازارەت قىلىدىغان كومىتېتىدۇر.

## 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 14 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئۇچۇر مەركىزى»: بېيجىڭ دائىرىلىرى شىنجاڭدا ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قوراللىق كۈچ ئارقىلىق دۆلەتنى پارچىلىماقچى بولدى، دېگەن جىنايەتكە ئالاقىدار 10 نەپەر سىياسىي پائالىيەتچى ياشلارغا 7 يىلدىن، 20 يىلدىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى دىلشات رەشىد: 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇرىستاننىڭ خوتەن ئۆلكىسى قارىقاش ناھىيىسىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئوچۇق سوت ئېچىپ، 10 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسقا ھۆكۈم ئېلان قىلدى، ھۆكۈمنامىدە بۇ كىشىلەر «ئاللاھ پارتىيىسى» قۇرۇپ، 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە مەخپىي ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، قانۇنسىز قورال ساقلاپ، بومبا ياساپ ھەتتا تۈرمىدىن جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ قاچماقچى بولدى، ـ دېيىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر شەھرىدە خىتاي ساقچىلىرى 52 نەپەر كىشىنى قولغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە 21 نەپەر كىشىنىڭ دىنى پائالىيىتىنى قانۇنسىز دىنى پائالىيەت، دەپ ئەيىبلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 17 ـ كۈنى تارقاتقان تېلېگراممىسى:

مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: بېيجىڭ دائىرىلىرى بۈگۈن ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ فېئوداللىق ئادەت بويىچە تويى قىلىشىنى، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ناھىيە ـ يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، ھۆججەتنىڭ روھىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كاپالەتنامە يېزىپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

«تەيــۋەن مەركـــزى ئـــاگېنتلىقى» مۇخبىرىنـــىڭ 18 ـ كـــۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىـــستان مۇســـتەقىللىقى بىـــلەن شـــۇغۇللىنىدىغان «ئۇچـــۇر مەركىزى» ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بـايىنغولىن ئوبلاسـتىدا، خىتاي كوممۇنىستلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى سىياسـىي ھەرىـكەت قوزغاپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دىنغا ئىشەنمەسلىك، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى دىلشات رەشىد، تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرىغا: يېقىندىن بېرى بېيجىڭ دائىرىلىرى بايىنغولىن ئوبلاستىدا سەككىز ناھىيىدە، بىر شەھەردە بىردىن دىنى ئۆلىمانى ئىزدەپ تېپىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلىش، ھۆكۈمەت تەكىتلىگەن مۇقىملىقنى قوغداش، دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ۋەدە بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، توختامغا قول قويۇشقا مەجبۇرلىدى، ـ دەپ ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ سىرتىدا خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى شۇنداق توختامغا جۆملىدىن دىنغا ئىشەنمەسلىك، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدا توختامغا قول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. كورلا شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ، ـ دەپ دوكلات بەردى.

## 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 26 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئۇچۇر مەركىزى»: ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رامىس فىلىت ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى زىيارەت قىلىدىغان بىر پەيتتە، بېيجىڭ دائىرىلىرى جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ، جايلارنىڭ ھەربىي مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىن، جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيە سېكرېتارلىرىنىڭ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ھەرخىل ھەربىي تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلىشىنى ۋە يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنلىرى، ھەربىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 28 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: 16 ـ قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەركىزى تەشكىلات بۆلۈمى نۆۋەتتە، بېيجىڭدا يىغىن چاقىرىپ، 800 نەپەر ھۆكۈمەت، پارتىيىلىك كادىرلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئوبلاست، ۋىلايەتلەردە مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ، يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلىنىپ، مەركىزى كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ بولىن، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ جيەنلياڭ قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى دىلشات رەشىد: نۆۋەتتە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر كادىرلار خىتاي مەركىزى كومىتېتى تۈزگەن سىياسەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك نارازى بولۇپ، غەزەپلەنسىمۇ گەپ قىلالماي، قەلبىدە قارشىلىشىش كەيپىياتى ئۆرلىمەكتە، ـ دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى.

«جۇڭگو 1 ـ يىل ئىچىدە پارچىلىنىدۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئاپتورى پېتېر ئەپەندى ماقالىسىدە، جۇڭگونىڭ 10 يىل ئىچىدە پارچىلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

پېتېر ئەپەندى كىم؟ غەلىتە ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى جېك ۋېل: «1981 ـ يىلى غەيرىي ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار شىركەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى، مەن پېتېر ئەپەندىدىن قوبۇل قىلغان ئىدىم» دېگەن ئىدى. شىركەت باشقۇرۇشنى ئىزغا تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار ئىچىدە، قايسى كىتاب سىزگە تەسىر قىلغان، دەپ بىلگەيتىسكە سوئال قويۇلغاندا بىلگەيتىس: ئەلۋەتتە پېتېرنىڭ كىتابلىرى، دەپ جاۋاب بەرگەن.

باشقۇرۇش ئىلمى ساھەسىدە ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى پېتېر 20 ـ ئەسىردە يازغان بىر پارچە كىتابى «كېلەر قېتىملىق جەمئىيەت» تە، جەمئىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، پۇل مۇئامىلە، نوپۇسنىڭ (ئاھالىنىڭ) قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە، كېلەر قېتىملىق جەمئىيەتنىڭ قايسى نىشانغا قاراپ ماڭىدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى.

كىتابتا يۈرەكلىك پەرەز قىلىپ: كېلەر قېتىملىق جەمئىيەتتە يەرشارى تېز ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ھالىتىدە تۇرغان جۇڭگو ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دۇچار

بولـۇپ، پارچىلىنىــشقا يۈزلىنىــدۇ، - دېــگەن ئىــدى. تەيۋەنــدە نەشــر قىلىنىدىغان «سودا ــ تىجارەت ھەپتىلىك ژۇرنىلى»دا، پېتېر ئەپەنـدىنىڭ «كـېلەر قېتىملىــق جەمئىــيەت» ماۋزۇلۇق كىتابىنىــڭ مەزمـۇنلىرى ئـېلان قىلىنغـان. «دۇنيـا گېزىتـى» مەخـسۇس بېتىــدە بـۇ كىتابىنىــڭ جۇڭگوغـا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر

ئاســيالىقلار دۆت ئەمەس. ئاســيادا كرىــزىس ئىقتىــسادى كرىــزىس ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي كرىزىس بولۇپ، پۈتكۈل ئاسىيا جەمئىيىتى بەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئاسىيادا جىددىيلىكنىڭ ھالىتى ئىككـى قېتىملىـق دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ياۋروپاغا ئوخشاپ قالغانلىقى، چوڭ تەۋرىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تەۋرىنىش كەڭ كۆلەملىك سانائەت ئىنقىلابىغا ئەگـىشىپ كەلگەن شەھەرلىشىشتىن پەيدا بولغـان. تەۋرىنىــشنىڭ ئوتتۇرىغـا چىقىــشى پەقەت ئاسىيادا تېزرەك بولدى، خالاس.

50 ــ يىللاردا جەنۇبىي كورېيە توغرىسىدا ئاڭلىغىنىمدا، بۇ مەملىكەتنىڭ 80% دىن ئارتۇق يېزىلىرىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر كىــشىمۇ يوق ئىدى. چـۈنكى مۇسـتەملىكىچى ياپونىيىلىكلەر كورېيىلىكنىـڭ ساۋاتلىـق بولۇشىغا يول قويمايتتى. شۇ چاغدا جەنۇبىي كورېيىنىڭ سانائىتى يـوق ئىـدى. ياپونىيىلىك مۇستەملىكىچىلەر كورېيىدە ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ بەرپا بولۇشىغىمۇ يـول قويمـايتتى. بۈگـۈن كـورېيە 90% ئەتراپىــدا شەھەرلەشـتى. بـۇ دۆلەت ئاللىقاچـان سـانائەت دۆلـىتىگە ئايلىنىــپ، خەلقىنىــڭ مائارىــپ، تەربىيىلىــنىش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بـارلىق تەرەققىيـات پەقەت 40 يىـل ئىچىــدە

تاماملاندى، بۇنداق پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىيات، پارتلاش خاراكتېرلىك قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلماي قالمايتتى.

بىراق، جەنۇبىي كورېيىلىك شىركەتچىلەر دۆتلۈكتە تەڭداشسىز ئىدى، مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. كورېيىدە شىركەتچىلەر ئىشچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە قوشنىسى ياپونلاردىنمۇ ئۆگىنەلمىگەن. چەت ئەللىكلەر جەنۇبىي كورېيىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، قايسى بىر سېختا مەشغۇلات قىلىۋاتقان مەلۇم ئايال ئىشچى، ئەگەر بېشىنى كۆتۈرۈپ چەت ئەللىك ئېكسكۇرسىيىچىلەرگە قاراپلا قويىدىغان بولسا، دىرېكتور بۇ ئايالنى سۆرەپ چىقىپ قاتتىق ئۇراتتى. يېڭى ھۆكۈمەت بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتكەن ئەھۋالدىمۇ لېكىن، كارخانىچىلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا، چوڭقۇر ئۆچمەنلىك قالدۇراتتى.

مالايشىياغا كەلسەك، گەرچە ھۆكۈمەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن بولسىمۇ بۇ دۆلەتتە 70% تىن ئارتۇق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان مالايالىقلار بىلەن 30% تىنى ئىگىلەيدىغان خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلالمىدى. ھىندونېزىيىدە 200 مىليون ئادەم ياشايدۇ، خىتايلار بۇ دۆلەت نوپۇسىنىڭ 3% تىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن جاكارتانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ چوڭ شەھەردە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 20% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىتايلار ھىندونېزىيىدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقتىن، ھەتتا، ھىندونېزىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

# جۇڭگودا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈرستى پىشىپ يېتىلدى

خىتايلار ئولتۇراقلاشقان سىنگاپور، تەيۋەن، شاڭگاڭدىن باشقا جايلاردا خىتايلار ئومۇمەن باشقىلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ.

مىلادى 1700 ـ يىللاردىن باشلاپ، جۇڭگودا ھەر 50 يىلدا بىر قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. يېقىنقى بىر قېتىملىق ماۋ زېدۇڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، 1949 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتى. تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا يەنە بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ۋاقتى پىشىپ يېتىلدى. مەسىلىلەر بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەندە، ئاۋۋالقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئىشسىز قالغان، خىزمەت تاپالمىغان دېھقانلار بارىدىغان يەرمۇ تاپالمىدى. كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىغا ئاساسلانساق، جۇڭگودا خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەن 200 مىليون ئاققۇن بار ئىكەن. ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان بولسا، ئۈنۈمدارلىقى يوق، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى تاقىۋەتسە 80 مىليوندىن ئارتۇق شەھەر ئاھالىسى كوچىلارغا ئېتىلىپ چىقىدىكەن. 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرىپ قالىدۇ. ئەگەر تارىخ بىزگە ئەينەك بولىدىغانلا بولسا، جۇڭگو پارچىلىنىپ مەلۇم ھالاكەتلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن بىز كۆرۈپ تۇرغان ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلار تارىختا مىلىتارىستلار بۆلۈۋېلىپ باشقۇرۇپ كەلگەن رايونلار ئىدى.

بۇ رايونلار توغرىسىدا جۇڭگو ياخشى سۆزلەرنى كۆپ سۆزلەپ كەلدى. باج، ئالۋان ـ ياساقنى ئازراق ئالدى، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مەركىزى

ھۆكۈمەت بىلەن ئادا ــ جۇدا بولمىدىكى، بۇ ئۆلكىلەردە شىركەت قۇرۇپ چىققان خىتاي كۆچمەنلىرىگە دۆلەت زور كۆلەمدە تولۇقلىما مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى جىددىي تەرتىپكە سالغاندىمۇ، ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى ھازىرچە كەلتۈرۈپ چىقارمىغاندىمۇ لېكىن، كەلگۈسى جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ، ئىنتايىن زور خىرىستۇر.

دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋېلسىپىت زاۋۇتى خىتاينىڭ شىئەن شەھرىدە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋېلسىپىت سۈپەتسىز بولغانلىقتىن شىئەنلىكلەر شاگىخەينىڭ ۋېلسىپىتىنى سېتىۋېلىپ مىنەتتى. شىئەن ۋېلسىپىت زاۋۇتىدا ھازىر 5 مىليوندىن ئارتۇق ۋېلسىپىت سېتىلماي بېسىلىپ قالدى. لېكىن زاۋۇت يەنىلا كۆپلەپ ۋېلسىپىت ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك، چۈنكى، بۇ زاۋۇتتا 85000 ئىشچى ئىشلەيدۇ. بۇ ئىشچىلارنىڭ قورسىقىنى بېقىش كېرەك ــ دە!

مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە جۇڭگولۇقلار ھامان ئۈچ خىل تەلەپپۇزدا چۈشەندۈرۈپ كەلدى؛ جۇڭگو ئۇنۇمدارلىقى ياخشى بولغان زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. 2 ــ خىل چۈشەندۈرۈش جۇڭگونىڭ قەدىمكى تەمسىلىدىن كەلگەن: «توغرا يولدا مېڭىشقا بولمىسا، ئەگرى ــ توقاي يوللار بىلەن مېڭىش كېرەك» دەيدىغان، جۇڭگونىڭ قەدىمى تەمسىلىدىن كەلگەن، دېگەندەك جۇڭگو ئۆتكەن يەتتە يىل ياكى يىللار مابەينىدە ھەقىقەتەن ئەگرى ــ توقاي يوللاردا مېڭىپ كەلدى. ئاۋۋال تولۇقلىما خاراكتېرلىك مەبلەغ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، تاكى ئىشسىزلارغا قوشۇپ

بېرىدىغان مەبلەغ ئەڭ خەتەرلىك چەككە ئۆرلىگەندە توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېڭىيىش يۈز بەرگەندە، ھەر قېتىم شۇنداق جەريانىدا يەنە بىر قېتىم ئىشچىلارنى قىسقارتتى.

3 ـ خىل چۈشەندۈرۈش: ئايرىم جايلاردا ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى شىركەتلەرنى قۇرۇپ، بۇ شىركەتلەرنى ئۆلگىلىك شىركەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلدى. بۇ، شائخەيلىكلەرنىڭ تەجرىبىسى، چارىسى ئىدى.

كرىزىس دەۋرىدە تۇرغاندا، ئىقتىساد ساھەسىدە ھەددىدىن زىيادە ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش بىر خىل تەلۋىلىك بولۇپ، بۇ ئىش ئاسىيادىلا شۇنداق بولغان ئەمەس، ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى ئۇنداق قىلغاندا داۋالغۇشنىڭ دەرھال يۈز بېرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارىخنى ئەسلىگەندە ئاسىيا ئۈچۈن ئەنسىرەيمىز. ياۋروپادا باش كۆتۈرگەن فاشىزم ياكى قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ تارىخى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا كونسېرۋاتىپ سەزگۈلەرنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شەخس تەجرىبىلىرىمدىن شۇ نەرسىنى بىلىپ ئالدىمكى، جەمئىيەت ئىنتايىن جىددىي دەۋرگە كىرىپ كەلگەندە، كۆپ نەرسىمۇ كەتمەيدۇ، پەقەت بىر قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقە، جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئاسىيادىن، جۇڭگودىن ئەنسىرەيمەن.

## 2002 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى

«تەيــۋەن مەركــىزى ئــاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىــڭ 13 ــ كــۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىــستان مۇســتەقىللىقى بىــلەن شــۇغۇللىنىدىغان «ئۇچــۇر مەركىزى»: بېيجىڭ «شىنجاڭ»دا دىنى پائالىيەتلەرنى چەكلەش ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى كۆپ تۈرلۈك چارىلەرنى جۈملىدىن ھەربىي قىسىملارنى جەنۇبىي ئۇيغۇرىستانغا ئەۋەتىپ يېزىلاردا، مەكتەپلەردە تۇرغۇزۇپ، دىنى ئىشلارغا مەسئۇل كادىرلارنى يىغىپ، تورلاپ تەربىيلەپ، دىنغا ئىشىنىشنى چەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىنى چەكلىمەكچى بولدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

«ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: بېيجىڭ دائىرىلىرى 100 دىن ئوشۇق يېزا كەنتلەردە، دىنى ئىشلار خىزمىتىگە مەسئۇل بىرلىكسەپ كادىرلىرىنى ئۆزئۈچى شەھەرگە توپلاپ، ئۇلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈردى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

خوتەن ئۆلكىسىدە «رەھبىرى كادىرلار رايون تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نىڭ 2 ــ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن كادىرلار دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسەن ھەرىكەت ئېلىپ باردى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

دىلشات رەشىد: جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى، جۇڭگودا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئېتىقاد قىلىش هوقۇقى بار، دېگەن ئىدى. بىراق، دائىرىلەرنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادىنىڭ بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى، - دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى»نىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، تاجىكىستاننىڭ پرېزىدېنتى راخمانوپنى قوبۇل قىلغاندا: ئۇيغۇر تېررورىست كۈچلىرى خەلقئارا تېررورىستلارنىڭ بىر قىسمى، چوقۇم زەربە بېرىش كېرەك، ـ دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭ تاجىكىستان بىلەن تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلاتتى.

«جۇڭگو ئاگېنتلىقى» جياڭ زېمىن: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ رايوندىكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك؛ ئافغانىستان مەسىلىسىگە كەلسەك، بېيجىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، ئافغانىستان مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، دېدى، دەپ كۆرسەتتى. كۈتۈۋېلىشتىن كېيىن جياڭ زېمىن راخمانوپ بىلەن بىللە بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويدى.

# 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى»نىڭ 21 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى بۆگۈن «2001 ـ يىللىق دۇنياۋى تېررورىزمنىڭ ئەندىزىسى توغرىسىدا دوكلات» ئېلان قىلىپ، دوكلاتقا جۇڭگو، تەيۋەنگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆپەيتىپ قوشتى.

دوكلاتتا: «شىنجاڭ» ئۇيغۇرستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان دىنى رادىكال تەشكىلاتلارنىڭ ئەل قائىدەنىڭ لاگېرىدا ھەربىي مەشىق تەلىم ـ تەربىيىسى ئېلىۋاتقانلىقى، قوراللىنىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارغا بېيجىڭنىڭ قاراتقان مۇئامىلىسىگە ئامېرىكا دىققەت قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا: بىر قانچىلىغان ئۇيغۇرلار، ئەل قائىدەنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئافغانىستاندا مۇرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان، ئامېرىكا بۇ ئىشنى بىلىدۇ، ئىشەنچىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جۇڭگو ـ «شىنجاڭ»غا ئۇيغۇرستانغا قايتىپ كەلگەن، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرستان (شىنجاڭ) دا، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇشلىرى تاشقى دۇنيانىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئامېرىكا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش سەۋەبلىرىنى باھانە قىلىپ، خەلقلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى تەلەپلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، دەپ مەيدانىنى ئىپادىلىدى، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

## 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 28 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

«قۇياش گېزىتى» خەۋەر قىلىپ: بېيجىڭ تۈنۈگۈن ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ 3 ـ دەرىجىلىك باشلىقى ئىسمائىل سەمەدنىڭ پاكىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى دەلىللىدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

تۈنۈگۈن ۋاڭ لىچۈەن: ئىسمائىل سەمەد بىزنىڭ قولىمىزدا، ئىسمائىل سەمەد كەشمىردە پاكىستان تىزگىنلەپ تۇرغان رايوندا، پاكىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى، قولغا ئېلىنغاندا ئىسمائىل سەمەد يەر ئاستى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغان چاغ ئىدى، ـ دېدى لېكىن ۋاڭ لىچۈەن تەپسىلات توغرىسىدا توختىلىشنى رەت قىلدى.

ئىسمائىل سەمەد سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرسى ئىدى. جۇڭگو تەرەپ ئۇلارنى ئۇسامە بىن لادىن بىلەن بىرىش ـ كېلىش قىلىدىغان ئۇيغۇرلار، دەپ قارايتتى.

سىياسىي ئاخبارات ئورگانلىرى تەييارلاپ بەرگەن ئاخباراتقا ئاساسلىنىپ ۋاڭ لىچۈەن: 1000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئافغانىستاندا تالىبانلارنىڭ ھەربىي مەشىق لاگېرىدا، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتىدۇ، ئۇلاردىن 110

نەپىرى يېقىندا «شىنجاڭ»غا قايتىپ كەلگەن بىز دەرھال قولغا ئالدۇق. 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى، 20 دەك ئۇيغۇر ئافغانىستاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا 600 نەپەر ئۇيغۇر ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىسمىغا قېچىپ كەتتى، دەپ بىلجىرلىدى.

# 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ تەيۋەندىن تارقاتقان خەۋىرى:

گەرچە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو تېررورىزمغا ئورتاق قارشى تۇرىمىز دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى جۇڭگو تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن جۇڭگو نارازى بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش باشلىنىپ، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا تېررورىزمغا قارشى ھەمكارلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

تەيۋەندە نەشر قىلىنىدىغان «جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»، «ئاسىيا ۋول سىچىرويت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدىن ستاتا كەلتۈرۈپ: ئامېرىكا ئۆتكەن يىلى 10 ــ ئايدا تېررورىستلارغا قارشى ئافغانىستانغا ئۇرۇش ئاچقاندا ئەمەلىيەتتە بېيجىڭغا زور ياردەم قىلىپ، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي ئىشلار بازىسىنى تارقىتىۋېتىپ، جۇڭگونى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىپ ئامېرىكا ئارمىيىسى 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قوراللىق كىشىلەرنى ئېتىپ تاشلاپ، 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئېلىپ، 1000 دىن ئارتۇق قوراللىق ئۇيغۇر پاكىستان، ئافغانىستاننىڭ شىمالى تەرەپلىرىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى: قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى جۇڭگو تەرەپ بىر قانچە قېتىم تەلەپ قىلسىمۇ، تەلەپلەرگە

ئامېرىكا پەسەنت قىلمىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى نارازى بولدى، ئەپسۇسلاندى، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېچۈەن: ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ھەمكارلىقى يېتەرسىز بولدى، بېيجىڭ، خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتا، مۇھىم بولمىغان ھەمكارلاشقۇچى ئورۇندا تۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، - دېدى. ئامېرىكا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا جۇڭگونىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنى مەدھىيىلىگەن. بىراق، بېيجىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرىستاندا سىياسىي ئاكتىپلارغا، دىنى ئەربابلارغا قارشى تۇرماقچى بولغاندا ئامېرىكا مەنىستمەي قويىدى.

خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى، ئامېرىكا بېيجىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان دەسلەپكى چاغدا، ھەمكارلىشىشنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوشۇرۇن سىياسىي سودا يوق، دەپ قايتا ــ قايتا تەكىتلىگەن. ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى باستۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان.

ھازىر بۇ ۋەقەلەر بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئوتتۇرىسىدىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ ئاجىزلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئامېرىكا ئافغانىستاندا سانى ئېنىق بولمىغان قوراللىق ئۇيغۇرلارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى: ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان 300 نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، دەپ كۆرسەتتى.

گېزىت: ئامېرىكا ئافغانىستاندا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشنى باشلىغاندىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندا مىللىي

بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ تەدرىجىي جىددىيلىك پەيدا قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسى ئەمەلدارى: 5 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى خوتەندە مەلۇم بىر كىشى مەسچىتتە جىھاد توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن بىر مەكتەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ مەكتەپ مۇدىرى، يەنە باشقا تۆت نەپەر كىشىنى ئۆلتۈردى، ـ دېدى. بىراق، بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى، دىپلوماتلىرى: ئۇ كىشى تېررورىست ئەمەس ئەسلى ئوقۇتقۇچى ئىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندا گۇمانلىق كىشىلەرنى مەكتەپلەردىن قوغلاپ چىقىرىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا دىنى ئېتىقادى كۈچلۈك بۇ كىشى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىدۇر، ـ دەپ كۆرسەتتى.

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى: جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى كۇڭ چۈەن: 28 ــ كۈنى ئافغانىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا ئامېرىكىنىڭ ئۆزىمچىلىك قىلغانلىقىغا قارىتا، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۈەن ئەنگلىيىگە زىيارەتكە بېرىپ ۋەزىر بىلايىر بىلەن كۆرۈشكەندە خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك؛ قوش ئۆلچەم قوللىنىشقا، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك، ـ دېدى.

باياناتچى كۇڭ چۈەن: ئوسامە بىن لادىننىڭ لاگېرىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى توغرىسىدا بېيجىڭنىڭ مەيدانى ئىنچىل،

ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ كىشىلەرنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ھۆكۈمەت ئۇلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، بۇ ئىش ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ خەلقئارا تېررورىست كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

# 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ 10 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى دولقۇن قەمبىرى بۈگۈن ئامېرىكا كونگرېسىدە: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتقان ئەھۋاللارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر ئىشلىرىغا مەسئۇل ئادەم تەيىنلىشىنى ۋە ئۈرۈمچىدە ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانا ئېچىشىنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو دائىرىلىرى ئۆتكەن ئايدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) كىتاب كۆيدۈردى، جۈملىدىن قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈردى.

ئامېرىكا فېدېرال جۇڭگو كومىتېتى بۈگۈن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يۇملاق ئۈستەل سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، تىبەت ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن پىكىر ئالغان ئىدى.

جۇڭگو كومىتېتى 10 ـ ئايدا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرىگە دوكلات يوللايدۇ.

# 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 21 ـ كۈنىدىكى بىرلەشمە خەۋىرى: «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى» 21 ـ كۈنى ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دوكلاتىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: جۇڭگو ھەربىي تەرەپنىڭ ئافغانىستاندا تالىبانلارنى ۋە ئەل قائىدەچىلەرنى ھەربىي مەشىق بىلەن تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ خەۋەرنى ئافغانىستاندىن تالىبانغا قارشى گۇرۇپپىلار يەتكۈزگەن.

ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر بۇ خەۋەرنى ئاگلاپ ھەيران قېلىپ، بېيجىڭنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ئىسلامى ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەر ئافغانىستاندا تالىبانلارنىڭ لاگېرىدا ھەربىي تەلىم ئېلىۋاتىدۇ، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەل قائىدەچىلەرنى ۋە تالىبانلارنى ھەربىي مەشىق بىلەن تەربىيىلىگەنلىكى نېمە گەپ، ـ دېيىشتى.

دوكلاتتا: بۇ دوكلات بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بېيجىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خىتايپەرەستلەرگە پايدىسىز بولىدۇ، دېيىلدى. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، جۇڭگونىڭ تالىبانلارنى، ئەل قائىدەچىلەرنى نېمە ئۈچۈن ھەربىي مەشىق بىلەن تەربىيىلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، بەزى مۇتەخەسسىسلەر: بېيجىڭ بۇ ئارقىلىق ئەل قائىدەچىلەرگە ۋە تالىبانلارغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ـ دەپ كۆرسەتتى.

يەنە بەزىلەر بېيجىڭ 20 ـ يىللاردا سوۋېتلىكلەر ئىشلەتكەن دۈشمەننى ئالداش ھەرىكەتلىرىنى دورىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا سوۋېت

بولشېۋىكلىرى يالغاندىن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، سىياسىي غايىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تاشقىرى دۇنيادىن رۇسىيىگە، يۇقىرىقى تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ ئالداپ قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر ــ بىرلەپ قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئىدى. بېيجىڭنىڭ ئەل قائىدەچىلەرنى، تالىبانلارنى تەربىيىلىگەنلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەل قائىدە بىلەن ھەمكارلاشقان ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى يوقاتماقچى بولغانلىقى بولسا كېرەك، شۇ قاتاردا ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى مىلىتارىست دوستۇم بىر ئۇيغۇرنى تۇتۇۋېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭ، ئۇ ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خىتايدىن بىر تانكا ئالىمەن، ـ دېگەندەك، بىر ئىش ــ دە!

# 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» جۇڭگو شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ۋاڭ لېچۈەن چەت ئەل ۋە جۇڭگو مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: تۈركىستانچى تېررورىست كۈچلەرگە قارىتا يۇزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تولۇق ئىقتىدارىمىز بار، ـ دېدى.

ۋاڭ لېچۈەن: تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرى «شىنجاڭ»دا ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەلدى، لېكىن كۈچى ئاجىز، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سوۋېتلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى «شىنجاڭ»دا ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىگە كەيپىيات يارىتىپ بېرىپ تۈركىستان تېررورىستلىرىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىشقا باشلىدى، ـ دېدى.

ۋاڭ لېچۈەن: بۆلگۈنچىلىك مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرخىل چارىلەرنى جۈملىدىن دىنىسىزلارنى يوقىتىمىز، دېگەن شوئارنى توۋلاپ، تارىخنى ئۆزگەرتىپ، تېررورىستلىق ۋاستىلەرنى ئىشلەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېررورىستلار نۇرغۇن قېتىم يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى، ـ دېدى.

ۋاڭ لېچـۈەن: تۈركـــستان تېررورىـــستلىرىنىڭ «شـــىنجاڭ»دىكـــى تەســـىرىنى ئـۈزۈل ـ كېـسىل تـازىلاش ئۈچـۈن بىـر قاتـار باســتۇرۇش ۋاســتىلىرىنى ئىـشلەتتۇق. دۆلەتنىـڭ بىخەتەرلىكىـگە بىۋاسـىتە تەهـدىت پەيدا قىلغان زوراۋان تېررورىستلارغا قاتتىق قول سىياسەت قوللانـدۇق. كەڭ خەلـق ئاممىـــسىنى تەربىـــيىلەپ، تېررورىـــستلارنىڭ مـاهىيىتىنى خەلقــقە تونۇشتۇردۇق. خەلق ئاممىسى ئۈلارنى تەنقىد قىلدى، پاش قىلدى. 1997 ـ يىلىــدىن باشـلاپ «شــىنجاڭ» هۆكـۈمىتى كـۆپ مىقـداردا هۆكـۈمەت، پارتىيە كادىرلىرىنى تەشكىللەپ «ئۇقتۇرۇش تەرتىپكە سېلىش» خىـزمەت گۇرۇپپىـسى تەشـكىللىدۇق، خەلـق ئاممىـسى بىـلەن يۈزمـۇ ـ يـۈز پىكىـر ئالماشتۇردۇق. «شىنجاڭ»نىڭ تارىخىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ «شـىنجاڭ» ئەزەلـدىن تارتىـپ جۇڭگـو زېمىنىنىـڭ بىـر قىـسمى ئىكەنلىكىنـى، خەلـق ئاممىـسىغا چۈشـەندۈردۇق. مەكـتەپلەردە تەرتىـپكە سـېلىش، تەربىـيىلەش ئېلىـپ باردۇق، دىنى زاتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق. دىنى زاتلارغا دۆلەت سىياسـىتى، قـانۇن ئـۆگىنىش بـويىچە تەربىـيە ئېلىـپ بـاردۇق. مـۇداپىئە تەدبىرلىرىنــى مۇكەممەللەشـتۈرۈپ بـاش كۆتـۈرگەن هامـان، بىـز تەرەپـتىن بايقالغان هامان قەتئىي زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇق، ـ دېدى.

ۋاڭ لېچـۈەن: «شــىنجاڭ»دا مىللىــي بۆلگـۈنچى كـۈچلەر خەلقئـارا تېررورىــست كـۈچلەر بىـلەن مۇناســۋەتكە ئىـگە، يـۈزەكى هەل قىلىــش ۋە تـۈپتىن هەل قىلىـش تەدبىرىنــى قوللانغانـدىلا ئانــدىن ئـۇلارنى ئـۈزۈل ـ كېسىل تازىلىغىلى بولىدۇ، ـ دەپ بىلجىرلىدى.

## 2002 ــ يىلى 7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ 30 ــ كۈنى تارقاتقان بىرلەشمە خەۋىرى: جۇڭگو دۆلىتىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى 29 ــ كۈنى كەچتە، بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بىشكەكتە سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. قىرغىزىستان ھۆكۈمەت تەرەپ، ئۇيغۇر دىنىي رادىكالىستلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى. ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باياناتچىسى 30 ــ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى.

قىرغىزىستان ئەمەلدارلىرى: ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەلدار جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ كونسۇلى، ئىدى. ئۇنىڭ شوپۇرىمۇ شۇ كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، دېدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى ليۇجەنچاۋ: بۇ قىلمىشنى ئەيىبلەپ، قىرغىزىستان دائىرىلىرىنىڭ دېلونى تېز ئېنىقلاپ، قاتىللارنى قاتتىق جازالىشىنى تەلەپ قىلدى. قىرغىزىستان ساقچى تەرەپ: يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش 29 ــ كۈنى كەچتە يۈز بەردى. ئۇ چاغدا ۋاڭ جەنچيڭ بىر سودىگەر بىلەن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. قولىغا تاپانچا ئالغان ئىككى كىشى ئۇلارغا ئوق ئاتتى، ۋاڭ جەنچيڭ ۋە ئۇنىڭ شوپۇرى نەق مەيداندا ئۆلدى، دەپ كۆرسەتتى.

كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر شۇ كۈنى كەچ سائەت سەككىز ئەتراپىدا قولىغا تاپانچا ئالغان ئىككى نەپەر ئەر كىشى تىپلىق تاپانچىدىن ۋاڭ جەنچيڭ

ئولتۇرغان ماشىنىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن قاتىللار باشقا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتتى، دېيىشتى.

قىرغىزىستان ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى: بۇ ۋەقە بىر قېتىملىق سىياسىي سۇيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەقەگە «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي بۆلگۈنچىلەر چېتىلغان بولۇشى مۇمكىن، ـ دەپ كۆرسەتتى.

«شىنجاڭ تور بېتى» 30 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى ئاساسلىقى قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ، ئىككى يىل بۇرۇن «شىنجاڭ»دىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى بىشكەكتە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ۋەكىللەرنىڭ بىرسى ئۆلگەن قالغان ئىككىسى يارىلانغان، دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن، تۆت نەپەر ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىگە، قىرغىزىستان ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆلۈم جازاسى بەرگەن، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى 1990 ـ يىللاردا تەشكىلات قۇرغان «شىنجاڭ» رايونىدا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولغان، دەپ ئىزاھلىدى مۇخبىر.

تۈركىستانچىلارنىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: 30 ـ كۈنى بۇ دېلوغا ئۇيغۇرلارنىڭ چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ، قىرغىز ھۆكۈمىتى ھەرقانداق پاكىت بولمىغان ئەھۋالدا بۇ دېلونىڭ ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بېشارەت قىلدى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تېلېگرامما ئەۋەتىپ قىرغىز ھۆكۈمىتىگە نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى تۆنۆگۈن كورلا شەھىرىدە، 3 ـ دەرىجىلىك بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر ۋە دىنى خىزمەت كادىرلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ يىغىن ئېچىپ دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بۇ ئىشلاردا مىللىي كادىرلارنىڭ باشلامچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

باياناتچى دىلشات رەشىد: دائىرىلەر كورلا شەھىرىدە ناھىيە دەرىجىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىگە، دىنى ئىشلارغا مەسئۇل كادىرلارنى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جىددىي يىغىنغا چاقىرىپ، دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىسلام دىنىنىڭ، ماركسىزملىق دىنى قاراشلاردىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا باشلامچى بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

# 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»، «ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى»نىڭ 14 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ تۇرپان شەھىرىدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكى ستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، چەت ئەل شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ 520 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، «شىنجاڭ»دىن شاڭخەيگىچە 2500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، تەبىئىي گاز ئېقىتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇپ «غەربنىڭ گېزىنى شەرققە يۆتكىمەكچى» بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنى باشلاشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى پايدىنى كۆزلىمەستىن، جۇڭگونىڭ ئىمپورت قىلىنىدىغان ئېنېرگىيىگە تايىنىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن،ـ دەپ چۈشەندۈردى.

بېيجىڭ رەھبەرلىرى: ئىمپورت قىلىنغان ئېنېرگىيىگە تايىنىش بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك ئاجىزلىق، ـ دەپ قاراشتى. يەنە باشقا تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ قۇرۇلۇش، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان، خاتىرجەمسىزلىك يۈز بېرىپ تۇرغان «شىنجاڭ» بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىنى مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولار ئىمىش.

## 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ 19 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

فېدراتسىپ خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاجنىڭ جۇڭگو تەرەپكە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەمدە شىمالىي كورېيە مۇساپىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى، جياڭ زېمىن 10 ـ ئايدا ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلگەندە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ، پرېزىدېنت بۇش بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمىر تاج مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو، پاكىستان، ھىندىستاننى زىيارەت قىلاتتى.

خەلقئارا دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېر ئەپەندى ئەمىر تاجغا يازغان خېتىدە: بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن جياڭ زېمىننىڭ 10 ـ ئايدا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئامېرىكا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ پرېزىدېنت بۇش بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلىنىشقا كاپالەت قىلىشى لازىم، ـ دەپ كۆرسىتىلدى. جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن جۇڭگودا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئىلگىرىلەش بولۇشى، جۈملىدىن بېيجىڭ ئېتىقاد ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى ھەم بۇ

كىشىلەرگە قارىتىلغان خورلاش، نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەرنى توختىتىشى كېرەك،- دەپ كۆرسىتىلدى.
خەتتە: زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى، تىبەت بۇددا دىنى مۇرىتلىرى، ئۇيغۇرىستان، ئۇيغۇر ئىسلام مۇرىتلىرىغا قارىتىلغان قوپال مۇئامىلە توختىلىشى كېرەك، - دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىلدى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 19 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن بىرلەشمە خەۋىرى:
بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىم 19 ــ كۈنى بېيجىڭدا: جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدۇ، قانۇن بىلەن باشقۇرۇشتا ئاز ــ تولا ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا خەلقئارا ئۆلچەمگە يېتەلمىدى، دەپ كۆرسەتتى.
روبىنسۇن خانىم: جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ باستۇرۇش ۋاستىلىرىگە تايىنىپ ئەمەس، سىياسىي ئىسلاھات ئارقىلىق كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىدى.
روبىنسۇن خانىم يېقىن ئاردا ۋەزىپىسىدىن بوشاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ

ئالىي دەرىجىلىك ۋالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بېيجىڭنى يەتتە قېتىم، بەلكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم زىيارەت قىلىشى ئىدى.

روبىنسون خانىم: خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىشچىلارنىڭ نامايىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان ئىشچى داھىيلارنى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرىنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە دىققەت ئاغدۇرىمەن ۋە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمەن، زوراۋانلىققا چېتىلمايدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش قىلمىشلىرىغا دىققەت قىلىمەن ۋە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمەن، دەپ كۆرسەتتى.

روبىنسون خانىم مەتبۇئات ساھەسىگە (خەلقئارا مۇخبىرلار) ئىغىر ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى ۋە ئىغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، پەقەت سىياسىي ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق ھەل قىلىشى لازىم، دەپ بايانات قىلدى.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تور بېتىدىن پايدىلانغۇچىلارنى چەكلەش، سۆز ـ مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى چەكلەشلەرگە قارىتا جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

ئۇ جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشنىڭ جۇڭگودا كۈنسايىن ئىغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، دەپ كۆرسەتتى.

روبىنسون خانىم، جۇڭگو بۇ دۆلەت رەھبەرلىرى ئىچىدە جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى چەن چىچىن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

# 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 20 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررى روبىنسۇن خانىم 20 ـ كۈنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىبەت ۋە «شىنجاڭ»دا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھوقۇق جەھەتتە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتلەرگە ۋە ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلمەن، دەپ كۆرسەتتى.

روبىنسۇن خانىم: تىبەتلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىنلاردا ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى، بەلكى ئۇيغۇرلار 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق مۇئامىلىگە دۇچار بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

روبىنسۇن خانىم: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر نەپەر ئالاھىدە ۋەكىلى تەييارلىغان دوكلاتتىن كۆرۈپ يەتتىمكى، تىبەتلىكلەر تىبەتنىڭ مەركىزى لخاسادىن قوغلىنىۋېتىپتۇ، قەدىمى ئىمارەتلەر، بۇتخانىلار چېقىلىپتۇ، بەلكى ھەممىدىن مۇھىم كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك نەرسە شۇكى، تىبەتلىكلەر لخاسادا ۋە تىبەتنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ئاللىقاچان ئاز سانلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ، تاشقىرى دۇنيادا بېيجىڭ دائىرىلىرىنى، خىتايلارنىڭ تىبەتكە ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچمەن بولۇپ بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، شۇ يەردە ياشايدىغان يەرلىك

خەلقلەرنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىمەكتە، دەپ كۆرسەتتى.

روبىنسۇن خانىم: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا قانۇن چىقىرىپ ساقچىلارغا، پۇقرالارنى قولغا ئېلىشقا باغلىق كۆپلەپ ھوقۇق بەرگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئوخشاشلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: بېيجىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى، زەربە بېرىش، قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان مەھبۇسلارنىڭ نىسبىتىنى كۆپەيتىۋەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى 22 ـ كۈنى شاڭخەي شەھىرىدە، رۇسىيىنىڭ ۋەزىرى كاشيانوپ بىلەن 7 ـ قېتىملىق جۇڭگو، رۇسىيە ۋەزىرلىرى سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتىن كېيىن جۇرۇڭجى بىلەن كاشيانوپ بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئاخباراتقا: ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش جەھەتلەردە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ئۆزئارا قوللايدۇ؛ رۇسىيە تەرەپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن، تىبەت مەسىلىسىدە پرىنسىپال مەيدانىنى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش بويىچە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا جۇڭگو تەرەپ، رۇسىيىنىڭ چېچەن تېررورىستلىرىغا، بۆلگۈنچىلىرىگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ 26 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى بۇگۈن: ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى ئەسلا تاشقى ئەللەردىكى تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزمىدى، بەلكى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكىدىكى كاپىتالى ۋە پۇل ـ مۇئامىلىسىنى توڭلىتىشقا تەييارلىق قىلدى ھەمدە ئامېرىكا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە چاقىرىق چىقىرىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ باياناتچىسى رىچاد باۋچېر بۈگۈن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا يۇقىرىقىدەك كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە: ئامېرىكا تەرەپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى تاشقى ئەللەردىكى تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى، دەپ كۆرسەتكەندە، جۇڭگو تەرەپ بۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈشتىن مەمنۇن بولغان ئىدى.

لېكىن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ باياناتچىسى رىچاد باۋچېر مۇخبىرلارغا دوكلات قىلىپ؛ ئامېرىكا ئەسلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى چەت ئەللەردىكى تېررورىست

تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزمىدى، بىراق، بىر تۈرلۈك مەمۇرى بۇيرۇققا ئاساسلىنىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكىدىكى كاپىتالى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ پۇل ــ مۇئامىلە سودىسىنى توڭلاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا، ئامېرىكا بىلەن پۇل ــ مۇئامىلە ساھەسىدە ھەمكارلىشىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا ماسلىشىپ بۇ تەشكىلاتنىڭ كاپىتالى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ پۇل ــ مۇئامىلە سودىسىنى توڭلىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

باياناتچى رىچارد باۋچېر: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» بىر يامان تەشكىلات، لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تېررورىست بولۇشى ناتايىن، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى: ھەرقايسى دۆلەتلەر تېررورىزمغا قارشى تۇرغاندا، كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك؛ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ۋە باشقا جايلاردا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى تېررورىست تەشكىلاتلارغا قارشى تۇرۇشى زۆرۈر، ئۇخشاش بىر ۋاقىتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل سوت تەرتىپلىرىگە ئاساسلىنىپ، تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جاڭ زۇڭ جىنىڭ 26 ــ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج 26 ــ كۈنى بېيجىڭدا: ئامېرىكا تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىمايدۇ؛

لىكىن، تەيۋەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىماسلىق، ئامېرىكا تەيۋەنىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.

تەيۋەنىنىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بىيەن «بىر تەرەپ بىر دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن باشلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، چېن شۈي بىيەن ئوتتۇرىغا قويغان «بىر تەرەپ بىر دۆلەت نەزەرىيىسى»گە تۇنجى قېتىم يۇقىرىقىدەك ئىپادە بىلدۈردى.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج:

مەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن پرېزىدېنت چېن شۈي بىيەننىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى قوللىمايدىغان مەيدانىنى، پرېزىدېنت چېن شۈي بىيەننىڭ سۆزلىرىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بوش بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىگە قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتۈم، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج، 25 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ، مۇئاۋىن ۋەزىرى چەن چىچېن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن، مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لى جياشىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى شيوڭ گۇاڭ كەى قاتارلىقلار بىلەن ئالدىراشلىق ئىچىدە كۆرۈشۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقى، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ يۇرتى

تېكساس شىتاتىغا بېرىپ، پرېزىدېنت بۇشنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا (ياكى باغچىسىدا)، جياڭ زېمىن بىلەن پرېزىدېنت بۇش يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، بۇ قېتىم تەيۋەن مەسىلىسى، راكېتا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى مەسىلىسى، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئىراق مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىق سۆھبەت تېمىسى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج جۇڭگونىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

## 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوست» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ 29 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى 28 ـ كۈنى: ئالاھەتلەر كۆرسەتتىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، بېيجىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا تېررورىستلىق ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلىغان، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچىنىڭ باياناتى جۇڭگوغا ۋە ئامېرىكىنىڭ مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، تونجى قېتىم ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلماقچى، دەپ كۆرسەتكەنلىكىدۇر. باياناتچى يەنە ئۇيغۇر تېررورىستلار جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورىست ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچىنىڭ باياناتى، پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قاقشاپ بەرگەنلىرىگە ئىشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويغانلىقى رادىكال ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلاتتى.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنىڭ، تېررورىستلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەھدىتىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇيغۇر

مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى باستۇرۇش جەھەتتە ئاساس قىلىۋالدى، دەپ تەنقىدلىگەن ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاجىنىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭدا، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى»نى چەت ئەللەردىكى تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزدى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكىدىكى كاپىتالىنى، پۇل ـ مۇئامىلە سودىسىنى توڭلاتتى، دېگەن سۆزلىرى بېيجىڭنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ئىدى.

ئەمىر تاج: بۇ تەشكىلات ئاق ـ قارىنى ئايرىماي قولىدا قورال يوق، ئادەتتىكى خەلققە زوراۋانلىق ئىشلەتكەن، دەپ بىلدۈرگەن ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى ئوخشاش بىر كۈندە باياناتچىنىڭ باياناتى ئارقىلىق ئېنىقلىما بېرىپ: ئامېرىكا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى»نى ئەسلا چەت ئەلدىكى تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزمىدى، دېگەن ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى 28 ـ كۈنى: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەيىبلەپ: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى، ئەلقائىدەنىڭ باشلىقى ئوسامە بىن لادىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىلىرىغا جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى: ئاگاھلاندۇرۇش قارىغاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ 200 قېتىمدىن ئارتۇق ۋەقە پەيدا قىلدى، پارتلاتتى، ئوت قويدى، يوشۇرۇن ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەلەردە 162 ئادەم ئۆلدى، 440 كىشى يارىلاندى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 1 ـ ئايدا ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئوخشاش ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنى ئېلان قىلغان، لېكىن باياناتچى: نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ قىلغانلىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ قىلغانلىرى بىلەن ئوخشاش ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى، ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ئاخباراتنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىدە پەرق بارلىقى تىلغا ئېلىنغاندا، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى رەت قىلدى.

ئۇيغۇرنىڭ سەرگەردان تەشكىلاتلىرى ۋە غەربلىك تەتقىقاتچىلار بېيجىڭنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمان قىلدى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم بۇ يىل 1 ـ ئايدا مەتبۇئاتلارغا ئاخبارات ئېلان قىلىپ: مېنىڭ تەشكىلاتىمنىڭ مەقسىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش، خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش، تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىدۇق ھەم ئوسامە بىن لادىن بىلەن مۇناسىۋەتمۇ ئورناتمىدۇق، دېگەن ئىدى.

# 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 7 ـ كۈنى جەنۋەدىن بەرگەن خەۋىرى:

يېقىندا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسون خانىم: دۇنياۋى كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىدىن نارازى بولغانلىقىنى هەمدە ئامېرىكا، رۇسىيە، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش نامىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك هوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى باستۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى.

يېقىندىلا جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن مەررۇي روبىنسون خانىم، جۇڭگودىكى كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. روبىنسون خانىم: كىشىلىك هوقۇق ئۆلچەملىرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئامېرىكا يەر شارىدا كىشىلىك هوقۇقنى قوغداش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتتە ئۈلگە تىكلەپ بېرىشى زۆرۈر، نيۇ ـ يورك شەھىرىنىڭ تېررورىستلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىشى بىرنەچچە مىڭ گۇناھسىز خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە هۇجۇمغا ئۇچرىدى، بەلكى بىز كىشىلىك هوقۇق ئۆلچەملىرىنى قوغدىشىمىز، تېررورىستلارغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشىمىز كېرەك، ـ دەپ كۆرسەتتى.

مەررۇي روبىنسون خانىم: نۇرغۇن دۆلەتلەر تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ نورمال قارشى تۇرغۇچى كۈچلەرنى باستۇرۇپ، پىكىرنى ئەركىن ئىپادىلەشنى چەكلىمەكتە. رۇسىيىنىڭ چېچىنىيىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى.

58 ياشلىق مەررۇي روبىنسون خانىم زوراۋان ھاكىمىيەتلەرنى جۈرئەتلىك تەنقىدلىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەلكى يېقىندا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. بۇ خانىم چېچەنىيىدە زوراۋانلىققا ئۇچراشنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ خانىمنى ئۆچ كۆرەتتى.

## 2002 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 11 ــ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن تارقاتقان خەۋىرى:

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى 11 ــ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى، بىخەتەرلىك كومىتېتى جاكارلىغان تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ تىزىملىكى قاتارىغا كىرگۈزدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ قارارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھەمدە بۇ خەۋەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نەتىجە، دەپ كۆرسەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى ئەرك خارد: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» بىخەتەرلىك كومىتېتىدا، ئەلقائىدە تەشكىلاتىنى جازالاش كومىتېتى تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىندى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى»نى تېررورىست تەشكىلاتلار قاتارىغا تىزىملاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ تەكلىپ ئامېرىكا، ئافغانىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگونىڭ باياناتچىسى كۇڭ چۈەن: بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا يەنە باشقا دۆلەتلەر ھەمكارلىشىپ، تېررورىستلارغا زەربە بېرىشتىن كەلگەن كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان نەتىجە، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىش جۇڭگو

ھۆكۈمىتىنىڭ تۈنجى قېتىم مەلۇم تەشكىلاتنى تېررورىست، دەپ قارىلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتىغا تەلەپ قويۇپ، شۇ تەشكىلاتنى تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكى ئىدى.

ئۆتكەن ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ كاپىتالىنى توڭلىتىشنى كۈچكە ئىگە قىلغان ئىدى. مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» ئادەتتىكى پۇقرالارغا زوراۋانلىق قىلىدىغان تەشكىلات، دەپ كۆرسەتكەن. ۋاشىنگتوندا ۋە ئاسىيادا بەزى كۆزەتكۈچىلەر: ئەمىر تاجنىڭ بېيجىڭدا بۇنداق بايانات ئېلان قىلىشى، بېيجىڭغا يول قويۇش ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ دەقىقىدە ۋاشىنگتون داۋاملىق جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇشنى، ئامېرىكا ئىراققا ھەربىي ھەرىكەت قوللانغاندا جۇڭگونىڭ توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

لېكىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى 11 ــ كۈنى بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئېنىقلىما بېرىپ، بۇ قېتىمقى قوللاش ھەرىكىتى، ئۇنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش مەيدانى بىلەن بىردەك ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىدىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى سەئۇدى ئەرەبىستاندىمۇ بەزى تەشكىلات ۋە بەزى شەخسلەرنى تېررورىستلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەرىكەتمۇ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 11 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

(ئوخشاش بىر كۈندە) جۇڭگونىڭ مەتبۇئاتلىرى «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بېرىشىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان ماقالىلەردە، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى تىلغا ئېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تېررورىزمنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى، دەپ كۆرسەتتى.

«جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى» بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر، ھەتتا، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى قۇردى، دەپ كۆرسەتتى.

گېزىت: جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خەلقئارا مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى لى باۋدۇڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى تۇنجى قېتىم بۇنداق تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىمىش.

لى باۋدۇڭ: مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن جۇڭگو تېررورىستلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دۆلەت بولۇپ قالدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگونىڭ غەربىگە جايلاشقان ئۇيغۇرىستان ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. لى باۋدۇڭ: شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى، ئەلقائىدە ۋە تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ شەرقىي

تۈركىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۆتكەن بىر يىلدا بېيجىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ئەمما، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بېيجىڭ بۇنداق ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلماقچى، دەپ گۇمان قىلىشقان ئىدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى جۈملىدىن يېقىندا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىم شۇنداق مەيدانىنى شەرھلىگەن ئىدى. روبىنسۇن خانىم، شەرقىي تۈركىستاندا تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تېررورىستلار، دەپ ئاتاشقا يېقىندىن دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەم مۇشۇ مەسىلە بويىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: تېررورىزملىق ھەرىكەت بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ پەرقىنى ئايرىشنى تەكىتلىگەن. بىراق، ئۆتكەن ئايدا ختاي ھۆكۈمىتىگە يول قويۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدىكى كاپىتالىنى توڭلاتماقچى بولغان ئىدى.

«جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»: دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن شۇنداق مەيدانىنى تەرغىب قىلىپ كەلدى، زىيارەت جۇڭگوغا كەلگەن سىنگاپورنىڭ

نوپۇزلۇق سىياسىي ئەربابى لى گۇۋاڭ ياۋغا: بېيجىڭ ھەرخىل شەكىللىك تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگە جۇملىدىن شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇد تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگە ئوخشاشلا قارشى تۇرىدۇ، دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدىكى مەبلىغىنى توڭلىتىش توغرىسىدا باياناتى ئېلان قىلىپ بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى راكېتا قوراللىرى تېخنىكىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى قاتتىق چەكلەيدىغانلىقى توغرىسىدا باياناتى ئېلان قىلدى. نۇرغۇنلىغان كۆزەتكۈچىلەر: بۇ ئىش شۈبھىسىزكى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي سودىدۇر، ـ دەپ كۆرسىتىشتى.

# 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»، «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى» تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكى غەرب دۆلەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان دىپلوماتلار ۋە ئالىملارنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. ئۇلار: بۇش ھۆكۈمىتى ھەرقانداق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويمايلا بۇ تەشكىلاتنى تېرروربزملىق تەھدىت پەيدا قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. ئەكسىچە ئېيتقاندا ئامېرىكا بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەسەللى بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلىشىغا جۇڭگونىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنى ئازايتماقچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر تەشكىلات ئىدى. بۇنىڭدىن سەرگەردان بولۇپ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تەڭسىزلىك ھېس قىلدى، چۈنكى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىختىيارى زوراۋانلىق ئىشلىتىشكە قارشى تۇراتتى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى تازىلاپ، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆزى تەن ئېلىش تۇيغۇسىنى يوقاتماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئامېرىكىنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلىشىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئامېرىكىنى ئۈمىد يۇلتۇزى، دەپ قارايتتى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ باياناتچىسى 12 ــ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ: مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېررورىستلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، جۈملىدىن ئاپتوبۇسقا بومبا قويۇش، كىنوخانىلارنى پارتلىتىش، مېھمانخانا، بازار ـ رەستىلەرنى پارتلىتىپ، مەخپىي ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زوراۋان تەشكىلات، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىغا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرى: ئامېرىكا كۆتۈرۈپ چىققان ئەيىبلەش، جۇڭگونىڭ ئىسپاتلاشتىن ئۆتمىگەن پاكىتلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقتى، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى»نى، تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە ئېلىشقا قوشۇلۇپ بېكىتىر قىلغانلىقى، پەقەت ئامېرىكىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان بىر ئىش ئىدى، دەپ كۆرسەتتى.

ھاۋايى ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناس پروفېسسورى: ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلىقى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات قوزغىشى مۇمكىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رادىكالىزملىق كەيپىيات يوق، دېيەرلىك، بەلكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيغۇرلارنى غەرب دۇنياسى تاشلىۋەتتى، دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن، ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان سەككىز يېرىم مىليون ئۇيغۇر ھازىر نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا ئايلىنىپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2002ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 19 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا «مىراس فوندى جەمئىيىتى»نىڭ مۇتەخەسسىسلىرى «ۋۇلسچىرۇيت گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ: قانۇنى جەھەتتە، ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتالمىش «بىر جۇڭگو سىياسىتى» جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە قاراتقان ئىگىلىك هوقۇق توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئامېرىكىنىڭ قوبۇل قىلىپ تەكىتلىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ماقالىدا ئاۋۋال مۇنداق كۆرسىتىلدى: قانۇنى جەھەتتە ئاتالمىش بىر جۇڭگو سىياستى، تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىسا، ئامېرىكا ياردەم قىلامدۇ، ياردەم قىلمامدۇ، دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتسىز، چۈنكى، گەرچە ئامېرىكا 1979 ـ يىلدىن باشلاپ بېيجىڭ جۇڭگونىڭ بىردىنبىر هۆكۈمىتى، دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، تەيۋەنگە نىسبەتەن بىلگىلى بولماسلىق سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

ماقالىدا: بىر جۇڭگو دېگەن سىياسەتنىڭ مەنىسى، ئامېرىكا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىردىن هالقىغان جۇڭگو هۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئامېرىكا شۇنداق قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئىككى گېرمانىيە، ئىككى كورېيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ماقالىدا: ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رېگاننىڭ 1982 ـ يىلى تەيۋەن توغرىسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان 6 ماددىلىق كاپالەت نامىسىگە ھەمدە ھەر

نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەدىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئامېرىكا تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە مەيدانسىز بولۇپ كەلدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

ماقالىدا، ئامېرىكا دۆلەت سوتى ئادۋوكاتلىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيىلىرىدىن ستاتە كەلتۈرۈپ: خەلقئارا قانۇنچىلىق ساھەسىدە تەيۋەننىڭ ئورنى بېكىتىلمىگەن، بۈگۈنگىچە ئامېرىكا، جۇڭگو تەرەپكە ۋەدە بەرگەندە بۇنداق كۆز قاراشنى ھەرگىز ئۆزگەرتمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداقكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكا تەيۋەننى تەسلىم بولغان ياپونىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن، ئامېرىكا، تەيۋەن خەلقىنى قوغدىغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە يۇقىرىقى قاراشلارنى مۇۋاپىق، دەپ قارىغانلىقتىن ھازىرمۇ تەيۋەننى قولدىن چىقىرىپ ھەرقانداق بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش نىيىتى يوق، دەپ كۆرسىتىلدى.

ماقالىدا: تەيۋەن يۇقىرى دەرىجىدە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى قويۇۋېتىپ ۋە سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۈگۈنكى تەيۋەن ھۆكۈمىتى، جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قانۇنلۇق ھۆكۈمەتتۇر، دەپ كۆرسىتىلدى.

# 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئەنقەرەدىن 19 ـ كۈنى بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ناھىيىسىدە، خىتاي مۇستەملىكىچى دائىرىلەر 300 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ پىلانىنى پاش قىلىپ، نۆۋەتتە ئىلى ناھىيىسى ۋە باشقا ئۈچ شەھەردىن 40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئېلىپ، ساقچىلار ۋە ھەربىيلەر جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد: شىنجاڭدىن تارقىلىپ كەلگەن يېڭى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كوممۇنىست پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە 17 ـ كۈنى ئىلى ناھىيىسىگە كېلىپ ئۈچ شەھەر بىرلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە چېنىقىش مۇراسىمىغا قاتنىشاتتى، بۇ پائالىيەتكە بىرنەچچە 10 مىڭ ئادەم قاتنىشاتتى، دەپ كۆرسەتتى.

لېكىن 15 ـ كۈنى خىتاي ساقچى، ئارمىيە تەرەپ تۇيۇقسىز بىر پارچە مەخپىي دوكلاتقا ئېرىشىپ قالدى؛ دوكلاتتا: مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، تەنتەربىيە چېنىقىش مۇراسىمىغا كەلگەن ئادەملەر ئارىسىدا

ۋەقە پەيدا قىلماقچى، دېيىلگەن ئىدى. دائىرىلەر جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىككى نەپەر رەھبىرىنى قولغا ئالدى.

باياناتچى دىلشات رەشىد: خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى 1997 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئوخشاپ قالغانلىقتىن ۋە دائىرىلەر شۇنداق ۋەقەنىڭ ئالامىتى، دەپ قارىغانلىقتىن جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ، ساقچى، ھەربىيلەرنى ئىشقا سېلىپ 16 ــ 17 ــ كۈنلىرى ئىلى ناھىيىسى ۋە باشقا شەھەرلەردە 44 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى. 17 ــ كۈنى 500 دىن ئارتۇق ساقچى، ئەسكەرلەر مۇراسىمنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تۇرۇشلۇق خىتاينىڭ ھەربىي قىسىملىرى ۋە ساقچىلىرى جىددىي ھالەتكە ئۆتتى، دەپ كۆرسەتتى.

غەيرىي ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، 1997 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن نامايىش، ئىنقىلاب ۋەقەسىگە بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇر قاتنىشىپ نامايىش شەكلىدە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ، ساقچى ئىدارىلىرىگە، خىتاي كوچىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ساقچىلارنىڭ قورallىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇيغۇرلار كۈچىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئىنقىلاب، ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئىلى ئۆلكىسىنى، جۈملىدىن شەھەرلەرنى يوللارنى، ھەتتا يېزىلارنى قامال قىلىپ، نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق نامايىشچىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى، بىرنەچچە مىڭ ئادەم ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئىدى.

## 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ شاڭگاڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

خىتاي ساقچى مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرى مەتبۇئات مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: بېيجىڭ، ئۇيغۇر تېرروررىستلارغا زەربە بەرمەكچى بولسا، خەلقئارا ھەمكارلىقنى، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىرلىكتە زەربە بېرىش كۈچى تەييارلىشى لازىم، دېيىشتى.

بۇ رەھبەر، ساقچى مىنىستىرلىكى تېرروررىستلارغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ، ـ دېدى.

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇۋانى بولغان «ۋىن خۇيباۋ گېزىتى»: جۇڭگو تېرروررىستلارغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە تۆت خىل تەدبىر قوللاندى: 1ـساقچى مىنىستىرلىكى تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇپ، مەخسۇس تەتقىق قىلىش، پىلانلاش، يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش خىزمەتلەرنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە يولغا قويدى، ھەرقايسى جايلار، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردە تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلار كۈچەيتىلدى. 2ـ دۆلەتتىن تارتىپ يەرلىككىچە مۇناسىۋەتلىك مۇداپىئە كۆرۈش، زەربە بېرىش خىزمەتلەرنىڭ تەييارلىقى ياخشى ئىشلەندى، تاقابىل تۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش سىستېمىلىرى ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش فۇنكسىيىلىرى تۇرغۇزۇلدى. 3 ـ نۇرغۇن شەھەرلەردە ۋە يەرلىكلەر تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، كۆپلىگەن تارماقلار، كۆپلىگەن سىستېمىلار تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشىقىگە قاتنىشىپ، ئەمەلىي ئۇرۇش قىلىشنىڭ سەۋىيىسىنى

يـۇقىرى كۆتـۈردى. 4ـ فۇنكـسىيىلىك ئورگـانلار، جۈملىـدىن سـاقچى ئىدارىـسى، دۆلەت مەخپىيەتلىـك ئىدارىـسى، نـاھىيە تارمـاقلىرى، ئـارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ۋە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشـنىڭ ئېھتىياجىغـا ئاساسـلىنىپ، ياخـشى تەربىـيىلەنگەن، مەخـسۇس قوراللانغان جىددىي تاقابىل تۇرغۇچى قىسىملارنى قۇرۇپ چىقتى، ـ دېدى.

بـۇ رەھـبەر كـىشى: چېگـرا سـىرتىدىكى ۋە چېگـرا ئىچىـدىكى تۈركىستانچى تەشكىلاتلار ئۆزۈندىن بېرى جۇڭگونى پـارچىلاپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، پـارتلىتىش، يوشـۇرۇن ئۆلتـۈرۈش، بـاغلاپ كېتىش قاتارلىق بىر قاتار زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن تەبىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ گۇناھسىز ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، زور كۆلەمدە ئۆلـۈم ــ يېتىم ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. ئىقتىسادى زىيان سالدى، ئـۇلار كەم ــ كۈتىسىز، تىپىك تېررورىست تەشكىلاتلاردۇر، دېـدى. بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كـومىتېتى چىقارغـان قارارنىـڭ، بۇنىڭـدىن كېيىن بىيجىـڭ ھۆكۈمىتىنىـڭ ئۇيغـۇر تېررورىـستلارغا زەربە بېرىـشتە ئەھمىيىتـى قانچىلىـك بولىـدۇ، دېـگەن مەسـىلە ئۈسـتىدە توختالغانـدا بـۇ رەھـبەر: بىخەتەرلىـك كومىتېتىنىـڭ قـارارى، ئۇيغـۇر تۈركـستانچى تېررورىـست كۈچلەرگە زەربە بېرىشىمىز ئۈچۈن ياخـشى خەلقئـارالىق مۇھىـت ۋە ياخـشى خەلقئارالىق كەيپىيات يارىتىپ بەردى ۋە شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم خەلقئارا قانۇن بىلەن تەمىنلىدى، ـ دېدى.

## 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 24 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگونىڭ باياناتچىسى جاڭ چى يۈ: جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ چېگرا هالقىپ قىرغىزىستان دۆلەت تەۋەلىكىدە ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ چېگرا رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

باياناتچى جاڭ چى يۈ: جۇڭگو، قىرغىزىستان دۆلەتلىرى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەربىي مانېۋىر كونكرېت ھەرىكەت بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

# 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ نيۇ-يوركتىن بەرگەن خەۋىرى: ئامېرىكىدا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەشكىلاتلىرى، ئاياللار تەشكىلاتلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرى ئورتاقلىشىپ، ۋاقىتلىق بىرلىشىپ، 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاشىنگتونغا توپلىنىپ، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ نامايىش قىلماقچى بولدى ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختىتىشقا چاقىرىق قىلدى.

ۋاقىتلىق ئىتتىپاقنىڭ ئېلانىدا: بۇ يىغىلىشقا، نامايىشقا كونگرېس ئەزالىرى، 20 دىن ئارتۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ قىلىندى ۋە ئۇلار نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ يىغىن توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا: بۇ قېتىمقى يىغىلىشىمىز، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ۋە مەتبۇئاتلارنى ئامېرىكا جامائىتىگە، جياڭ زېمىن ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودا ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى جۈملىدىن دىنى تەشكىلاتلار، ئاياللار، ئىشچىلار، فالۇن گوڭپىسى تەشكىلاتلىرى، دېموكراتچىلار، تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

ۋاقىتلىق ئىنتىپاق جىياڭ زېمىن ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرىغا قاراتقان زوراۋانلىقى، باستۇرۇشلىرىنى توختىتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا بوش ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىم ئىشلىتىپ ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

## 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرنىڭ 1 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) ساقچى ئىدارىسى: شىنجاڭ دائىرىلىرى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ئاستى قورال ياساش زاۋۇتىنى پاش قىلىپ، توققۇز نەپەر كىشىنى قولغا ئالدى، دېدى.

«ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتى: يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈستى نىقابلانغان قورال ـ ياراغ زاۋۇتى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن بايقالدى، دېدى، دەپ كۆرسەتتى.

يەرلىك ساقچىلار يەر ئاستى زاۋۇتتىن 101 دانە قولدا ياسالغان گرانات تېپىۋالدى. ساقچى تەرەپنىڭ باياناتچىسى: بۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەپەر گۇمانلىق كىشى قولغا ئېلىنغان ئىدى، لېكىن، كېيىن قېچىپ كەتتى، دەپ بىلدۈردى. باياناتچى توققۇز نەپەر كىشىنىڭ قاچان قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدى. بىراق بۇ زاۋۇتنى تېررورىست ئۇيغۇرلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالدى.

چەت ئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى تەشكىلاتلىرىنىڭ باياناتچىسى: يەر ئاستى قورال ـ ياراغ زاۋۇتى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بايقىلىپ قالدى، زاۋۇتتىن 100 دىن ئارتۇق گرانات ۋە باشقا مىلتىق، قوراللار تېپىۋېلىندى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ شۆبىتىسىدە تۇرۇشلۇق باياناتچىسى: بۇ كىشلەر نەق مەيداندا قولغا ئېلىندى، دائىرىلەر قېچىپ كەتتى، دەپ تىلغا ئالغان كىشى، تۈرمىدىن يەنە باشقا تۈرمىگە يۆتكەش ئارىلىقىدا قېچىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى، قېچىپ كەتكەن كىشىنىڭ خەلقئارا تېررورىست كۈچلەر بىلەن باغلىنىشى بار ــ يوقلۇقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشنى رەت قىلدى، شۇنداقلا ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشنىمۇ رەت قىلدى.

فېدېراتسىيە دىنى ئىشلار كومىتېتى دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ 9 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا، فېدېراتسىيىلىك خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى بۈگۈن ئامېرىكا دۆلەت سوتىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇنىغا ئاساسلىنىپ، جۇڭگو بۇ دۆلەتنى جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپ قىلغانلىقىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇدا ئۈچ يىل كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى.

خەلقئارا فېدېراتسىيىلىك دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى بۈگۈن دوكلات ئېلان قىلىپ، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان 12

دۆلەتنى تىزىملىككە كىرگۈزگەندە، جۇڭگو يەنە بىر قېتىم تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

دوكلاتتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېغىرلىشىپ كەتتى، خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىنى، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى، تىبەتلىك بۇددىستلارنى ۋە ئۇيغۇر ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيلىك بىلەن باستۇردى، دەپ كۆرسىتىلدى.

ئامېرىكا كونگرېسى دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن كونگرېستە گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. كومىتېت: جياڭ زېمىن 10 ـ ئايدا ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگودا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ تېگىشلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

## 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» رىبىتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 2 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

پرېزىدېنت بوش بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا تېكساس شتاتىدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال، ئامېرىكا مەمۇرى دائىرىلىرى بىلەن ئامېرىكا كونگرېسى بىرلىشىپ ئامېرىكا كونگرېسىدە تەسىس قىلىغان جۇڭگو كومىتېتى 2 ـ كۈنى بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ۋە تېخنىكىلىق ياردەم ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

بۇ دوكلاتتا، جۇڭگو رەھبەرلىرى، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىگە جۆملىدىن سىياسىي ئاكتىپلارنى ۋە دىنى ئەكابىرلارنى قولغا ئېلىش قاتارلىق ئېغىر مەسىلىلەرگە جاۋابكار بولۇشى كېرەك، دېيىلدى ۋە جۇڭگو رەھبەرلىرى تەنقىد قىلىندى. ئوخشاشلا دوكلاتتا: جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسىتىگە، ئاخباراتچىلار ۋە ئىشچى ئاكتىپلارنىڭ قاتتىق دىققەت قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

دوكلاتتا: جۇڭگو گەرچە 20 يىلدىن بېرى ئىقتىساد ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى جەھەتتە ئەقەللىي خەلقئارا ئۆلچەملەرنىمۇ ھۆرمەت قىلمىدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، كلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئەبەدىي سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى كونگرېسنىڭ تەستىقلىشى شەرتى ئاستىدا، كلىنتون ھۆكۈمىتى كونگرېسنىڭ قارمىقىدا جۇڭگو كومىتېتى قۇرۇشقا قوشۇلغان ئىدى. بۇ كومىتېت كونگرېس ئەزالىرىدىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرىدىن تەشكىللەنگەن. يۇقىرىقى دوكلات بەشكە قارشى 18 ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. جۇڭگو كومىتېتىنىڭ بەش نەپەر ئەزاسى دوكلاتنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان مەيدانىنىڭ قاتتىق بولمىغانلىقىنى سەۋەب كەلتۈرۈپ قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرمىدى.

## 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 6 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگو دائىرىلىرى 5 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا رەددىيە بېرىپ: بۇ ئىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى: جاڭ چى يۈ 5 ـ كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: بۇ كومىتېت جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ ئىچكى ئىشىمىزغا ئارىلاشتى، شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى نارازىلىقىنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى جاڭ چى يۈ: بېيجىڭ دائىرىلىرى، جۇڭگودا ياشايدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش جەھەتتە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى، فالۇن گۇڭپىسى تەشكىلاتى ۋە تۈركىستانچى تەشكىلاتلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى، دەپ كۆرسەتتى.

پرېزىدېنت بوش بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى توغرىسىدا، پرېزىدېنت بوشنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى توغرىسىدا، كونگرېسىنىڭ قارمىقىدىكى جۇڭگو كومىتېتى يوللىغان تەكلىپكە قارىتا، باياناتچى جاڭ چى يۈ، ئامېرىكا مەمۇرى

دائىرىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىقىنى، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ دوكلات پەيدا قىلغان سەلبىي تەسىرلەرنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا كونگرېسى 1989 ـ يىللاردىن باشلاپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر يىلى ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى دوكلاتنىڭ دەل پرېزىدېنت بوش بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتا ئېلان قىلىنىشى، كەڭ دائىرىدە دىققەت قوزغىدى.

پرېزىدېنت بوش بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرەمدۇ؟ ئاۋۋال بىر كىشىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ ئاقىلانىلىك كۆرسىتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يىل ئاخىرىدا يەنە بىر نەپەر سىياسىي مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەندە، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئادۋۇكاتى مەيۈسلەندى.

## 2002 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» خەۋىرى:

«ۋول ستىرىت گېزىتى»: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزمەكتە، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن پرېزىدېنت بۇش تېكساس شتاتىدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر نەپەر سىياسىي مەھبۇسنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىپ ئاقلانىلىك كۆرسىتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

بىراق، ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى Cohen Jorome ئەپەندى 14 ـ كۈنى بېيجىڭدا: ھازىرغىچە بۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ئۈمىدسىز قالدۇردى، دەپ كۆرسەتتى، دەپ خەۋەر قىلدى.

گېزىت: جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارغا تېلېگرامما يوللاپ: ئامېرىكىلىقلار ئۈمىد قىلغان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەك بولغان سىياسىي مەھبۇسنىڭ، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان 25 ئۆكتەبىرنىڭ ئالدى ــ كەينىدە تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، دەپ خەۋەر قىلدى.

ئامېرىكا تەرەپتىن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىگە قاتناشقان ھۆرمەتلىك ئەرباب John Komm ئەپەندى، ئۆتكەن ھەپتە بېيجىڭدا ئىككى كۈن

تۇرغاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن: جۇڭگو تەرەپ ئىككى نەپەر مۇھىم سىياسىي مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىدىغان بولدى. بۇ مەھبۇسلارنىڭ بىر نەپىرى، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، يەنە بىر نەپىرى يىل ئاخىرىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

## 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

پرېزىدېنت بۇش بىلەن رەئىس جياڭ زېمىننىڭ سۆھبەت تېمىسى نېمە؟

قورال ـ ياراغ ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش، ئىككى دۆلەت سودىسى، ھەربىي ئىشلاردا پىكىر ئالماشتۇرۇش ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىدىغان مۇھىم تېمىلار بولۇپ قالدى.

«دۇنيا گېزىتى» رېيتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

پرېزىدېنت بۇش بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئالىي دەرىجىلىكلەر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئانالىزچىلار ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى تۆۋەندىكى ماۋزۇلار بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش مەسىلىسى: ئامېرىكا جۇڭگو تەرەپنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە جۈملىدىن لىۋكچەك دۆلەتلەرگە ھەربىي قورال ـ ياراغ ئېكسپورت قىلىشىغا دىققەت قىلىپ كەلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 8 ـ ئايدا، «راكېتا ۋە مۇناسىۋەتلىك تۈرلەر بويىچە تېخنىكا ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغ ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلدى. ئامېرىكا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ نىزامنامىنى ئىجرا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا ئامېرىكا جۇڭگو تەرەپنىڭ 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىمزالانغان «ھەرقانداق دۆلەتنىڭ يادرو بېشى ئېلىپ يۈرىدىغان راكېتىلارنى ياسىشىغا ياردەم بەرمەسلىك» كېلىشىمىگە، ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

سودا ــ تىجارەت مەسىلىسى: جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ئامېرىكىنىڭ پۇل ــ مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ، تارقىتىش ۋە مەتبۇئات ۋاستىلىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىگە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدى. بىراق، ئامېرىكىلىقلار جۇڭگو ۋەدىسىگە ئەمەل قىلامدۇ ـ يوق، دەپ ئەنسىرەيتتى.

### تەيۋەن مەسىلىسى

پرېزىدېنت بوش ۋەزىپىگە چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا، تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ كەتتى، دەپ قارىدى. جۇڭگولۇقلار، ئوخشاشلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن بىلەن ھەربىي جەھەتتە باردى ــ كەلدى قىلىشىنى توختىتىشىنى، تەيۋەنگە ھەربىي قورال ــ ياراغ سېتىپ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

### كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى

پرېزىدېنت بوش ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىدىكى كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرگە جۈملىدىن فالۇن گۇڭپىسى تەشكىلاتى، تىبەت بۇددىستلىرى، شىنجاڭدا «ئۇيغۇر مىللىي بۆلگۈنچى ئىسلام دىنى» مۇرىتلىرىغا قاراتقان مۇئامىلىسىنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. ئەمما پرېزىدېنت بوشنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش غەرەزلىرى تۈپەيلى جۇڭگونىڭ قاراتقان كىشىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەش مەيدانى بەزىدە يۇمشاپ كەتتى.

ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو 12 ـ ئايدا كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. كېلەر ئايدا ئىككى تەرەپ ھەربىي ئىشلار بويىچە مەسلىھەتلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.

# 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن خەۋىرى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى تەرەپ 12 ـ ئايدا، كېلەر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى، دەپ جاكارلىدى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ باياناتچىسى 24 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ: ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە، ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇقتا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينىر ۋەكىللەر ئۆمىكى باشلاپ بېيجىڭغا سۆھبەتكە بارىدۇ. سۆھبەت 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى بىر يىل بۇرۇن ئەسلىگە كەلگەن ئىدى. جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خەلقئارا مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى لى باۋدۇڭ ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتىدا لورېن كېرەينىر ئەپەندى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن ئىدى.

جۇڭگو بىلەن غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى، جۇڭگونىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق

يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسىگە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قول قويماسلىقىنى شەرت قىلاتتى.

ئۇخشاش بىر ۋاقىتتا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار بويىچە مەسلىھەتلىشىشنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن. بۇ ھەرىكەت ۋاشىنگتوننىڭ پوزىتسىيىسىدە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن.

رۇسىيە تەيۋەن بىلەن دائىرىلەر ئارا باردى ــ كەلدى قىلمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. رۇسىيە، تەيۋەن مۇناسىۋەتلىرى كۆچىيىۋاتقان بىر پەيتتە جياڭ زېمىن بىلەن ۋلادىمىر پۇتىننىڭ بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىشى تەيۋەنگە قاتتىق زەربە بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارالدى.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن رۇسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادېمىر پۇتىن 2 ـ كۈنى جۇڭگو، سوۋېت بىرلەشمە باياناتىغا ئىمزا قويدى. باياناتتا: تەيۋەن مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىپ رۇسىيە تەرەپ: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى پۈتۈن جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمەت، تەيۋەن جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەيدىغان كونا ئېبارىنى قايتا تەكىتلىدى، رۇسىيە، تەيۋەن بىلەن ئالاقىدار تەرەپلەر مۇناسىۋىتى ئورناتمايدۇ ۋە باردى ـ كەلدى قىلمايدۇ، دېيىلدى.

باياناتقا: رۇسىيە ۋە جۇڭگو قارشى تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئارا قوللايدۇ؛ ئۆز تەۋەلىكىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ ھەمدە بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدۇ، دېيىلدى.

باياناتتا: رۇسىيە تەرەپ تىبەتنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپ، رۇسىيىنىڭ چېچەنىيە بۆلگۈنچىلىرىگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، دېيىلدى.

ئەسكەرتىش:

رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بېيجىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. چوڭ دۆلەتلەر باشلىقلىرى ئۆزئارا دۆلەت زىيارىتىدە بولغاندا، ئىشتىن ئاۋۋال دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق زىيارەت قىلىش ۋاقتى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئىككى ئاي ياكى ئۈچ ئاي بۇرۇن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىناتتى. ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ شەپە چىقارماي بېيجىڭدا پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى نىمىدۇر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن رەئىس جياڭ زېمىن بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغاندا، رۇسىيە تەرەپ ــ ۋىلادىمىر پۇتىن تەيۋەن توغرىسىدا، تىبەت توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى، نىمىشقا ئۇيغۇرىستان توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى تېخى خەلقئارالاشمىدى، شۇڭا ۋىلادىمىر پۇتىن ئىپادە بىلدۈرمىدى، شۇڭا رەئىس جياڭ زېمىن ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئۇيغۇرىستان توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلمىدى، دەيمىز قارايلۇق. تېخى تۈنۈگۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى، تېررورىست تەشكىلات، دەپ تىزىمغا ئالدى، ـ غۇ؟ بۇ خەلقئارالاشقانلىق بولماي يەنە نېمە بولاتتى؟ بىز بۇ توغرىدا كېيىنكى كىتابىمىزدا يەنە توختىلىمىز.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

كېلەر ھەپتە بېيجىڭدا كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى سادا قايتۇردى. ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتلىرى ئېنىق نىشان بەلگىلىشى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك، دېدى.

«دۇنيا گېزىتى» ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خاتىرىسى توغرىسىدا ئىشلارنىڭ يۈرۈشمەيۋاتقانلىقىدىن ئاغرىپ يۈرگەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، بۈگۈن ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ئېنىق نىشان بەلگىلەپ، كېلەر ھەپتە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى جەريانىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى توغرىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

شتابى لوندوندا قۇرۇلغان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋىلغا خەت يېزىپ: ئىلگىرىلەش بولمايۋاتقانلىقىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. نېگىزلىك بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى، سۆھبەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش توغرىسىدا گۇمان پەيدا بولدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

ھەپتىنىڭ 1 ـ كۈنى (16 ـ كۈنى) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جۇڭگو كىشىلىك

ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مۇددەتلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۆھبەتنىڭ نۆۋەتتىكى بىر قېتىملىقى ئىدى. لېكىن ئاكتىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى: بۇنداق سۆھبەتلەر نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاقىدار تەرەپلەر جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى تۆۋەن مۇقامدا تەنقىد قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر، سۆھبەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ناھايىتى ئاز نىسبەتتە مەلۇم قىلدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: تۈرمىلەردە تەن جازاسى بېرىش، توربەت يازغۇچىلىرىنى قولغا ئېلىش، فالۇن گۇمپىسى تەشكىلاتىنى باستۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئامېرىكا، جۇڭگو سۆھبىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكە نەزەر سالساق ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ئالاقىدار تەنقىدلەرنى رەت قىلىپ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشتى، دېگەن بولسىمۇ لېكىن 1990 ــ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە سۆھبەت قۇرۇپ كەلدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا، كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشى توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، بۇ خەتنىڭ كوپىيە نۇسخىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل لورېن كېرەينېر ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىكىنى قەيت قىلدى.

## 2002 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى

ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى 16 ــ كۈنى بېيجىڭدا سەھنىگە چىقتى.

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا باشلاندى، تەھلىلچىلەر ئامېرىكا بىر قاتار قول تۇتىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. بىراق، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ھاجەتمەن بولغان بىر پەيتتە كىچىكنى دەپ چوڭىدىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، بېيجىڭ تەرەپكە قاتتىق بېسىم ئىشلەتمەسلىكى مۇمكىن، دېيىشتى.

«فېدېراتسىيە ئاگېنتلىقى»نىڭ مۇخبىرى 15 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: ئىككىنچى دەرىجىلىك دىپلوماتلارنىڭ ياردەمچىلىرى قاتنىشىدىغان ئامېرىكا، جۇڭگو سۆھبىتىگە ئامېرىكا تەرەپتىن ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيىگە مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى قاتنىشىدىغان بولدى. بۇ كىشى 14 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى.

خەۋەردە: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە: لورىن كېرەينېر ئەپەندى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئەمگەك ھوقۇقى، فالۇن گۇڭ تەشكىلاتى ھەمدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستاندا ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىسىدە ئاز سانلىق

مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسەتلىرىنى، بەلكى سەزگۈر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن.

ئامېرىكا، جۇڭگو ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بومبىلانغاندىن كېيىن، ئىككى يىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. ئۆتكەن يىلى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېرىش يۈز بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى مەسىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

ئۆتكەن بىر قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقىسى بېيجىڭدا باشلاندى.

بەزى تەھلىلچىلەر: ئۆتكەن يىلى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىز ھاۋا تەۋەلىكىدە كۆرەشچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىپ، جۇڭگو ئايروپىلانىنىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ ساق قالغانلىقى ۋەقەسىدىن ھېسابلىغاندا، جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھازىر ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرماقتا، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى يىل ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندىن باشقا بەلكى بىر يىل ئۈزۈلۈپ قالغان ھەربىي ئىشلار مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا ئىراق مەسىلىسى، شىمالىي كورېيە مەسىلىسى بويىچە جۇڭگوغا ھاجەتمەن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە جۇڭگوغا ئارتۇق بېسىم ئىشلەتمەسلىكى مۇمكىن، دېيىشتى.

شاڭگاڭ لىك نەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت پەنلىرى پروفېسسورى
خالىز ئەپەندى: ئامېرىكا جۇڭگوغا يەڭ ئىچىدە پىچاق ساقلاش بويىچە
مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا چۈشكەن ئېھتىياجى،
جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا چۈشكەن ئېھتىياجىدىن ئارتۇق، دەپ كۆرسەتتى.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» «فرانسىيە ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭدىن تارقاتقان تېلېگراممىسىغا ئاساسلىنىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى: ئامېرىكا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى 17 ـ كۈنى بېيجىڭدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىككىنچى قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ ئاساسلىق تېما، جۇملىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىگە مەركەزلەشتى.

كىشىلىك ھوقۇق، ئەمگەك، دېموكراتىيە ئىشلىرى بويىچە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينىر ئەپەندى ئۆمەك باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى، بېيجىڭدا ئىككى كۈن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئىككى كۈنلۈك زىيارەتكە بېرىپ جۈملىدىن ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا دوكلات سۆزلەيدۇ.

شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيىلىك سىياسىتى ساھەسىدە ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

كۆزەتكۈچىلەر: بېيجىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارغا يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى يولغا قويدى. بەلكى ئامېرىكا بۇ يىل 8 ـ ئايدا، شىنجاڭدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدىغان «دىنى ئىسلام بۆلگۈنچىلەر» تەشكىلاتىنى، تېررورىستلارنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

نيۇ-يوركتا تېزىمغا ئېلىنغان «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»: بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سۆھبەتنى ئەيىبلەپ — شەكىللىۋازلىق، چۈنكى ۋاشىنگتون تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش جەھەتتە جۇڭگونى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. لورېن كېرەينېرنىڭ ئۇيغۇرىستانغا زىيارەتكە بېرىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھەددىدىن زىيادە باستۇرۇشىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى.

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» شىنجاڭنى (ئۇيغۇرىستان) ئېچىۋېتىش، خەلقئارا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ دائىرىلەرنىڭ جىنايەتچىلەرنى سوت قىلىش ئەھۋالىنى ئاڭلىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆزەتكۈچى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي شىنجاڭغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويۇش ھەققىدە لورېن كېرەينېر ئەپەندىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 17 ـ كۈنى تارقاتقان ئۇنىۋېرسال خەۋىرى:

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 17 ـ كۈنى بېيجىڭدا 13 ـ قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ ھەرقانداق شەرت قويۇلمىغان ئەھۋالدا خىتايغا بېرىپ تەن جازاسى بېرىش، ئىختىيارى قولغا ئېلىش ۋە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەكشۈرۈشكە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويغانلىقىنى جاكارلىدى، دەپ كۆرسەتتى. بىراق، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇنداق جاكارلاشقا گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى: لورىن كېرەينېر ئەپەندى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تەن جازاسى بېرىش، ئىختىيارى قولغا ئېلىش، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى بويىچە خىتايغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوشۇلدى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە بۇنداق تەكشۈرۈشكە ھەرقانداق شەرت قويۇلمىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ـ دېدى.

ئامېرىكا، جۇڭگو دۆلەتلىرى 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سۆھبەت جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ

پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى لورىن كىرەينىر ئەپەندى سىياسىي مەھبۇسلارنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى جىنايەتچىلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدى. بۇ ئەپەندىم: ئامېرىكا ۋەكىللىرى سۆھبەت جەريانىدا 298 نەپەر مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇردى، دېدى. ئامېرىكا تەرەپ بۇ كىشىلەر سىياسىي مەھبۇسلار، دەپ تونۇغانلىقتىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى جۇڭگوغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە شەرت قويماي تەكلىپ قىلىش قبۇ قېتىمقى ئامېرىكا، جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ھېسابلاندى. شۇنداقلا بۇ ئەھۋال جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ گويا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلىماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى جۇڭگوغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلغاندا بىرنەچچە خىل شەرتلەرنى، جۈملىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەمەلدارلىرىنىڭ مەھبۇسلار بىلەن ئايرىم ئۇچراشماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئايرىم ساقچى ئىدارىلىرىنى ۋە يىغنۇېلىش لاگىرلىرىنى تۇيۇقسىز تەكشۈرمەسلىكىنى شەرت قىلغان ئىدى.

لورىن كىرەينىر ئەپەندى: جۇڭگو تەرەپ تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئۆتمۈشتە مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى، دەپ كۆرسەتتى.

بىراق، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ مۇدىرى مىكە ئەپەندى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق

تەكلىپ قىلغان، لېكىن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئىدى. مەن بۇ قېتىمقى باشلىنىشنى ياخشى باشلىنىش، دەپ قارايمەن. لېكىن قانداق نەتىجە بېرىدۇ، ھۆكۈم قىلىشقا تېخى بالدۇر، دەپ كۆرسەتتى.

لورېن كېرەينېر ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 18 ـ كۈنى شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستانغا) يېتىپ بېرىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدە پۈتۈن مىللەتكە تاقابىل تۇرماسلىقى توغرىسىدا، يەرلىك ئەمەلدارلارغا پىكىر قىلماقچى بولدى.

# 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك هوقۇق ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن هال سوراپ ئۇيغۇرىستانغا كەلدى.

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى شىنجاڭغا بېرىپ بۇ تېررىتورىيىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن هال سورىماقچى بولدى. 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئەنگلىيە خەلقئارا رادىئو ـ تېلېۋىزيە ئىستانسىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ۋىلىيامىس ئەپەندى: لورىن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا زىيارەت قىلىپ بېرىشى خۇددى كىشىلىك هوقۇقنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرىگە قەدەم باسقاندەك بىر ئىش بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

ۋىلىيامىس ئەپەندى: ئامېرىكا هۆكۈمىتى ئۆتمۈشتە جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى ئىزچىل تەنقىد قىلىپ كەلگەن. لېكىن بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو هۆكۈمىتى بۆلگۈنچى تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام هەرىكىتى» تەشكىلاتىنى تېررورىست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن، دەپ كۆرسەتتى.

ۋىلىيامىس ماقالىسىدە مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇشتا جۇڭگونىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكا هۆكۈمىتى

ئۇيغۇرستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىغا سۈكۈت قىلدى.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان دېمەكچى) خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان بىردىنبىر ئۆلكە، 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بىرنەچچە يۈز سىياسىي مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

«دۇنيا گېزىتى» خەۋەر قىلىپ: لورېن كېرەينېرنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق تەشكىلاتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەنلىكى ھەرگىز ئامېرىكا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، دېگەن مەقسەتنى قايتا تەكىتلەشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى.

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: شىنجاڭ ئۆلكىسى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي سودىسىغا دەستەك بولۇپ قالدى، نورغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆز ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى، دەپ كۆرسەتتى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۆلكىدە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسىنى خاتىرىلەپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا زەربە بېرىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

جۇڭگو، قازاقىستان دۆلەتلىرى كېلىشىم ئىمزالاپ ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بەرمەكچى بولدى.

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى: جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 23 ـ كۈنى بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەن قازاقىستاننىڭ پرېزىدېنتى نەزەر بايېۋ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىگە ۋە ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى.

جياڭ زېمىن: جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرىگە زەربە بېرىش مەيدانىنى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل چۈشىنىپ، ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: جۇڭگو، قازاقىستان دۆلەتلىرى ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. كېلىشىم، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر «ئۈچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئەھدىنامىسى» ئىمزالىغاندىن كېيىن قوللانغان يەنە بىر خىل تەدبىر بولۇپ، قازاقىستان، جۇڭگو دۆلەتلىرىنىڭ كېلىشىمنىڭ پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئورتاق تەدبىر قوللىنىپ ئۈچ خىل كۈچلەر ۋە ئۇيغۇر تېررورىستلىرىغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جياڭ زېمىن يەنە: «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، جۇڭگو بىلەن قازاقىستان تەشەببۇس قىلغان، رايون خاراكتېرلىك كۆپ تەرەپلىمە

ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولـۇپ، كـېلەر يىلـى ئىككـى دۆلەت تېخـمـۇ كـۆپ
خىزمەتلەرگە، ۋەزىپىلەرگە يۈزلىنىدۇ، بۇنـىڭ ئىچىـدە كاتىبـات باشقارمـىسى
قــۇرۇش، تېررورىزمغــا قارشــى ئاپپــاراتلارنى تەســىس قىلىــش مــۇھىم
خىزمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم خىزمەتتۇر»، ـ دېدى.

نەزەر بايېۋ ئىككى دۆلەتنىڭ تېررورىزمغا قارشـى تـۇرۇش ساھەسـىدە ۋە
شــاڭخەي ھەمكــارلىق تەشــكىلاتىنىڭ رامكىــسى ئىچىــدە ئىــشلەنگەن
خىزمەتلەرنى تولۇق مۇقىملاشتۇردى.

## 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ تەيبېدىن تارقاتقان خەۋىرى:

تەيبېدە نەشر قىلىنىدىغان «جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن تەكىتلەپ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بار، دېگەن مەسىلىگە قارىتا، ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر نيۇيوركتا جۇڭگودا نەشر قىلىنىدىغان «يەرشارى گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئامېرىكىچە ئۆلچىمى، ياۋروپاچە ئۆلچىمى، ئاسىياچە ئۆلچىمى، ئافرىقىچە ئۆلچىمى بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، ئامېرىكىلىقلار چىڭ تۇرىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ــ پۈتۈن دۇنياغا باب كېلىدىغان قىممەتتۇر، دېگەن تەشەببۇسنى قايتا تەكىتلىدى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا: ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىگە مۇناسىۋەتلىك، لورىن كېرەينېر ئەپەندى 16 ـ 17 ـ كۈنلىرى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە 18 ـ 19 ـ كۈنلىرى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ختاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئامېرىكىغا قايتىشتىن بۇرۇن مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: 20 يىلدىن بېرى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىر پاكىتنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى: كىشىلىك ھوقۇق پەقەت ئامېرىكىلىقلار،

ياۋروپالىقلار ئېرىشكەن تېگىشلىك، شۇنداقلا پەقەت ئامېرىكىلىقلار، ياۋروپالىقلارغىلا مەنسۇپ نەرسە ئەمەس، ـ دەپ كۆرسەتتى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا لورىن كېرەينېر ئەپەندى: 20 يىلدىن بېرى موڭغۇلىيىدىن، مالى، مېكسىكىغىچە نۇرغۇن دۆلەتلەر كىشىلىك هوقۇقنى ئىنتايىن مۇهىم ئورۇنغا قويۇشنى قارار قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك هوقۇققا ئېرىشكەنلىكىنى خۇشاللىنارلىق ئىچىدە كۆرۈپ يەتتى. بۇ دېموكراتىيىنىڭ هەممىسى ئامېرىكىچە دېموكراتىيىمۇ؟ ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى فرانسىيىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىدىن پەرقلىنىدۇ. فرانسىيىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى، ئەنگلىيىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەر دېموكراتىيە بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بىرلەشتۈرگەن. بىراق، هەممىدىن مۇهىمى شۇكى، بۇ دۆلەتلەردە هۆكۈمەتلەر خەلقنىڭ سايلىمى ئارقىلىق سايلانغان، هەرقانداق ۋەزىپە ئالغۇچى سايلامدىن ئۆتمەي  ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا بۇ دۆلەتلەر قارىماققا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك هوقۇقنىڭ ياۋروپاچە ئۆلچىمى، ئامېرىكىچە ئۆلچىمى بولمايدۇ. ئافرىقىچە ئۆلچىمى، ئاسىياچە ئۆلچىمى بولمايدۇ.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا كىشىلىك هوقۇق بويىچە ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى، بېيجىڭدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىللەردە، پارتىيە مەكتىپىنىڭ قارمىقىدىكى «جۇڭگو ياشلىرى سىياسي ئىنستىتۇتى»غا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ لېكسىيىدە بۇ مەكتەپنىڭ ئاۋۋالقى مەكتەپ باشلىقى خۇجىنتاۋنىڭ ئامېرىكىغا كەلگەندە، دېموكراتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كېڭەيتەيلى، دېگەن سۆزىنى نەقىل

كەلتۈرۈپ جۇڭگودا تەدرىجىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئىلھام بەردى.
جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا،
مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى: كىشىلىك ھوقۇق پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك
ئىشلىرىغا بېرىپ چېتىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

## 2003 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 6 ــ كۈنى ئەنقەرەدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

تۈركىيىدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار: بۈگۈن يېڭى يىل كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ غۇلجا شەھرىدە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېمىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا شوئار چاپلىنىپ، ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇملىرىغا ۋە باستۇرۇشلىرىغا قارشى ئۇيغۇرلارنى قوزغىلىشقا چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرىلىرى جىددىيلىشىپ يەنە باھار بايرىمىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلىدىغان ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان بۇ ئۇيغۇر كىشى: 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇرلار غۇلجا شەھرىدە مۇستەقىللىق ئىنقىلابى قوزغاپ، بېيجىڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، بۈگۈن دەل شۇ كۈنگە ئالتە يىل تولغان خاتىرە كۈنى ئىدى.

بۇ قېتىم تامغا شوئار چاپلاش ۋەقەسىنى تارىختىكى شۇ كۈنگە باغلاپ چۈشەنگەن بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئۈچ ئالدىغان ھەرىكەت يۈز بېرىشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ھەربىي، ساقچىلارغا 24 سائەت ھەربىي ھالەتتە تۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق كۆزىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندىن تۈركىيىگە يېتىپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر كىشى: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ختاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى مەخپىي

پائالىيەت قىلىدىغان «ئۇيغۇرىستان دېموكراتلار پارتىيىسى» يېڭى يىل كۈنى تامغا شوئار چاپلاپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۆزئارا ھەمكارلىق توغرىسىدا ئۇيغۇر خەلقىگە چاقىرىق قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ كىشى يەنە: شوئار تامغا چاپلانغاندىن كېيىن ساقچى دائىرىلىرى جىددىيلىشىپ، زور بىر تۈركۈم ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 24 سائەت رازۋېدكا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېلى ۋىلايىتىدىكى بارلىق ساقچى ئورگانلىرىدا جىددىي يىغىن چاقىرىپ، دېلونى دەرھال پاش قىلىشقا تەشكىللىدى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچېڭ ۋاشىنگتوندىن خەۋەر قىلىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»: ئۆتكەن بىر يىلدا بېيجىڭ دائىرىلىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە بىر قەدەر ئەۋرىشىم پوزىتسىيە تۇتتى. بىراق تور بەتلەرنى كونترول قىلىشنى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى. ئوخشاشلا شاڭگاڭدا «شاڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنىنىڭ 23 ماددىسى»نى بىر تەرەپ قىلغاندا تەشكىللىنىش، نامايىش قىلىشنى چەكلەش ھەرىكەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى»: يىللىق دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى. بەلكى پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا، جۇڭگو بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى كۆزدە تۇتۇپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا سەل قارىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىغا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان قانۇن لايىھە سۇنامدۇ ــ يوق؟ ئامېرىكا دۆلەت

سوتىدىن ئىگىلىشىمىزچە بۇنى پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدىكەن، دەپ كۆرسەتتى. «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى» سۆز ـ مەتبۇئات ھوقۇقلىرىنى چەكلىگەندىن باشقا، بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئادەتتىكى مەتبۇئاتلارنىڭ سەزگۈر مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن تەيۋەن مەسىلىسى، تىبەت مەسىلىسى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 21 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى تاڭ جاشۆەن 20 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرىگە دىققەت قىلىشنى چاقىرىق قىلدى.

تاڭ جاشۆەن: شەرقىي تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرى ئۆزۈندىن بىرى «ئەلقائىدە» تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ قېتىم تېررورىستلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، دېدى. جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جاشۆەن 20 ـ كۈنى بىخەتەرلىك كومىتېتىدا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئېچىلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا جۇڭگو تېررورىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، دەپ كۆرسەتتى.

شەرقىي تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرى ئۆزۈندىن بىرى «ئەل قائىدە» تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ قېتىم تېررورىستلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكى تىنچلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلدى.

## 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 30 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

شىنجاڭدا ئەڭ مۇھىم بۆلگۈنچى تەشكىلات رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئاگاھلاندۇرۇپ: جۇڭگو دائىرىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى، شۇڭا يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىق كەيپىياتى ئۆرلەپ كەتتى، ئەمدى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ھەربىي ئەترەتلەر تەشكىللىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دېدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەھبىرى ئەزىمەت ئەيەندى: شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قورال ئىشلەتمەي بولمايدۇ، دېدى. ئۇ ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: تىنچ يول بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بىز بىزنىڭ نىشانىمىز، دۈشمەنلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىزغا ئىرادىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھەربىي ئىشلار بۆلۈملىرىنى قۇرۇشتىن ساقلىنالمايمىز، دېدى.

جۇڭگونىڭ باياناتچىسى جاڭ چى يۈ: شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتى تەشكىلاتى تېررورىست تەشكىلات، خەلقئارا تېررورىستلار تورىنىڭ بىر قىسمى، دېمىگەنىمىدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكىنى، ئىتنىك تەن ئېلىشنى

يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ ساھەلىرىدە بۇ مىللەتنى كەمسىتىۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بېيجىڭدا بىر ئۇيغۇر مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرى كۈنسايىن ئېچىۋېتىلمەكتە. ئەمما مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا زىيانكەشلىك قىلىش كۆپەيسە كۆپەيدىكى ھەرگىز ئازايمىدى. كۈندىن - كۈنگە تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى، پىكىر ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس، ئۇيغۇرلار مەكتەپلەرنى تاماملاپ جەمئىيەتكە چىققاندا ئىش تاپالمايدۇ.

# 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ خەۋىرى:

تۈركىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىر ئۇيغۇر 4 ـ كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) دائىرىلىرى 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىلى ۋەقەسىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، چاغان بايرىمىنىڭ هارپىسىدا هەرقانداق سەۋەب ياكى باهانە كۆرسەتمەي 350 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى.

تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئەنقەرەدىن خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر كىشى ۋەتەن ئىچىدىن يېڭىلا ئېرىشكەن خەۋەرگە ئاساسلىنىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىلى ــ غۇلجا، چۆچەك، كۈيتۇن، قەشقەر قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ساقچى ئىدارىسى چاغاننىڭ هارپا كۈنى كوچىلارغا خادىملىرىنى چىقىرىپ، هەممىلا يەردە هەربىي ساقچى سالاهىيەت تەكشۈرۈپ، ئائىلىلەرگە بۆسۈپ كىرىپ گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى قولغا ئالدى. 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە 350 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر قولغا ئېلىنىدى. بۇلار كىچىكى 15 ياش، چوڭلىرى 20 ياشلىق باللار ئىدى.

بۇ يىل يېڭى يىلدا غۇلجا شەهەرلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېمىغا ئۇيغۇر تىلىدا شوئار چاپلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي زۇلۇمغا، مىللىي ئېزىشكە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كۆتۈرۈلۈشنى چاقىرىق قىلدى. دائىرىلەر جىددىيلىشىپ كەتتى. 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ئىلى ئىنقىلابى يەنە يۈز بېرىدىغان بولدى، دەپ

ئەنسىرەپ ساقچى ۋە ھەربىيلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، غۇلجا شەھرىدە 24 سائەت ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى.

تۈركىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر يىگىت خىتاي ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلىنىپ مۇنداق كۆرسەتتى:

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى، غۇلجا شەھرىدە «مۇستەقىللىق ئىنقىلابى» يەنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ، نەچچە مىڭ ئۇيغۇر قاتناشقان نامايىش پارتلىدى، خىتاينىڭ قوراللىق ساقچى، ھەربىيلىرى بىلەن قولدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. نەق مەيداندا 407 نەپەر ئۇيغۇر ھەربىيلەر ۋە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا خىتاي دائىرىلىرى زور كۆلەمدە قولغا ئېلىشنى باشلىدى. 8 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى، تۈرمىگە تاشلاندى. ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. بۇنىڭدىن باشقا 61 مىڭ كىشىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھەربىي شتاب، ھەربىي ئەترەتلەر تەشكىللەيمىز، دەپ باياناتى ئېلان قىلىندى، ئارقىدىنلا جۇڭگونىڭ باياناتچىسى بايانات ئېلان قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاندا بىر قانچە شەھەردە خىتاي ھۆكۈمىتى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ 350 تىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى. بۇ ۋەقەلەر قانداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ۋە قانداق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە؟

قېنى ئۇ ھەربىي شتاب، ھەربىي ئەترەتلەر، قېنى ئۇ قوراللىق قوشۇن؟

## 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋىل 5 ـ كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: دۇنيا بويىچە جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە دۆلەت دىنى ئېتىقاد ئەدىيىلىرىگە خىلاپلىق قىلدى. بىرما، ئىران، ئىراق، شىمالىي كورىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بۇنىڭ ئىچىدە.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ دۆلەتلەر ئۆتكەن يىلى دىنى ئېتىقاد ئەدىيىلىرىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، ئامېرىكا بۇنداق قىلمىشلارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىدۇ.

ھەر يىلى دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەرنى تىزىمغا ئېلىش ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن. ئامېرىكىنىڭ فېدراتىپ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى 5 ـ كۈنى ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ قارارىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ كومىتېت مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى باستۇردى، ئەمدى داۋاملىق زوراۋانلىق ئىشلىتىپ خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، تىبەت بۇددا دىنى ۋە ئۇيغۇر ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى باستۇرۇپ بۇ دىنلارنى بىدئەت دىنلار قاتارىغا كىرگۈزدى.

# 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:

مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ قورچاق رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 12 ـ كۈنى مۇنداق دېدى: شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى خەلقئارا تېرروررىست تەشكىلاتلارنىڭ بىر قىسمى، دائىرىلەر داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە شىنجاڭدا تېرروررىستلىق ھەرىكەتلەر سادىر بولمىدى، بىراق، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېرروررىستلارغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بولىدۇ. يېقىندا ئامېرىكا بىر تۈركۈم تېرروررىستلارنىڭ تىزىملىكىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يوللاپ بەردى ۋە تېرروررىستلارنىڭ مەبلىغىنى تەكشۈرۈش بويىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بولدى، دېگەن گەپنى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئىنكار قىلدى.

بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلارغا قانداق زەربە بەرگەنلىكىنى ۋە قانداق زەربە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: 90 ـ يىللاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 100 قېتىمدىن ئارتۇق پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى، ھۆكۈمەت بۇ پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن بەش يىلدا ھېچقانداق ۋەقە سادىر بولمىدى. ئۇ يەنە: ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشى ئاستىدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم

كىشىلەر قولغا ئېلىندى. نۆۋەتتە دائىرىلەر ئىچكى جەھەتتە كۈچنى كۆپەيتىپ تېررورىستلارغا تاقابىل تۇرغاندىن باشقا، يەنە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەنلىكىنى، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تېررورىزمغا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينېر ۋەكىلللىكىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئامېرىكا تەرەپ دائىرىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانچى تېررورىستلارغا زەربە بېرىشتە ھەمكارلاشقان ئىدى. ئەمدى بۈگۈن ئىسمائىل تىلىۋالدى بۇنداق ھەمكارلىششىنىڭ زادى يۈز بەرمىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئىنكار قىلدى.

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى «ئەل قائىدە»گە مۇناسىۋەتلىك لاگېردا ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە كۆرگەن، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە: ھازىر دۆلەت قۇدرەت تاپتى، ئارمىيە كۈچەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۆلگۈنچىلەر، تېررورىستلارنى كىشىلەر قارشى ئالمايدۇ، ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ، دېدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى تۈركىستانچى تەشكىلاتلار بىر قاتار پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى تەشكىللەپ 166 ئادەم ئۆلگەن 400 دىن ئارتۇق كىشى يارىلانغان، يېقىندا 100 نەپەر تېررورىست قولغا ئېلىنغان ئىدى.

## 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 1 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى بۈگۈن يىللىق كىشىلىك هوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىپ: جۇڭگو گەرچە پىلانلىق ئىقتىساد ئىگىلىكىدىن ئۆزگىرىپ بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ قېلىۋەردى، 2002 ـ يىلى جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى ياخشى بولمىدى. كىشىلىك هوقۇققا كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى: جۇڭگو هۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كىشىلىك هوقۇققا كۆڭۈل بۆلۈشىگە ماسلىشىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى ئىككى يىلدىن بېرى جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا «يەنىلا ياخشى ئەمەس» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۆتكەن يىلى ۋە ئالدىنقى يىلى تەييارلىغان يىللىق كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىدا «جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى كۆرۈنەرلىك ئېغىرلاشتى» دەپ سۈپەتلىدى.

يىللىق دوكلاتتا: ئۆتكەن بىر يىلدا جۇڭگودا كىشىلىك هوقۇققا ئېغىر دەخلى ـ تەرز قىلىدىغان ئىشلار سادىر بولدى، بىراق جۇڭگو هۆكۈمىتى خەلقئارا ساداغا قۇلاق سېلىش لازىم. مەسىلەن، دالاي لامانىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ، مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك، ئوخشاشلا ئەدلىيە ۋە قانۇن ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن يەر شارىنىڭ سىياسىي ئېكولوگىيىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ ھەر يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىدىغان كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالدى؛ ئۆتكەن يىلى ئامېرىكا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى «يەنىلا ياخشى ئەمەس» دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، بۇ يىللىق دوكلاتتا بۇ ئىبارىنى داۋاملىق ئىشلىتىش، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش ۋە نۆۋەتتىكى ئىراق ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشىنى ۋە چۆكۈپ تۇرۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ دوكلاتتا، يەنە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە ۋىجدان ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا سۆزلەر تىلغا ئېلىندى.

# 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 11 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا دۆلەت سوتىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۈگۈن مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنىلەرنى بۆسۈپ چىقىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان لايىھىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلدى.

بۇ ئەمەلدار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرىغا: بىز يىللىق يىغىنغا لايىھە قويمىدۇق، ـ دەپ ئېيتىپ بەردى.

ئامېرىكا دۆلەت سوتى يەرشارى خاراكتېرلىك كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا يىللىق دوكلات ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى «ياخشى ئەمەس» دەپ، تەنقىد قىلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا ۋاشىنگتون بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى قارار قىلدى.

بۇ ئەمەلدار مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ مەسىلە بويىچە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىر ئاز ئىلگىرىلەش بولدى. بولۇپمۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئەسلىگە

كەلتۈرۈلدى. بۇ ئەمەلدار يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: مەن ئىشىنىمەن بىز بېيجىڭ تەرەپتىن بىر ئاز ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۇق. گەرچە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۆزۈندىن بېرى ياخشىلانمىغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز.

## 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا فېدېراتسىيىلىك دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى 13 ـ كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يىللىق دوكلات ئېلان قىلىپ: جۇڭگودا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ۋەزىيىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

بۇ كومىتېتنىڭ ئەزاسى لەنەئېر ئەپەندى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: كومىتېتىمىز بۇ يىل ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا قانۇن لايىھە سۇنمىغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەندى، دەپ كۆرسەتتى.

يىللىق دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگو دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، بۇددا دىنى (تىبەت) ئىسلام دىنى (ئۇيغۇر) فالۇنگۇڭ دىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى جۇڭگونى ئەيىبلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: 30 مىڭدىن ئارتۇق شىمالى كورىيە مۇساپىرلىرى جۇڭگودا ياشاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ كىشىلەرگە سالاھىيەت بەرمىدى. بۇ كومىتېت يەنە: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى، مۇرىتلارنى باستۇرۇشنى توختىتىشقا

چاقىرىق قىلىدى ۋە دىنىي ئېتىقاد، كىشىلىك ھوقۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك، كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەتلەيدىغان مەدەنىيەت يېتىشتۈرۈلۈشى لازىم، دېدى.

# 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن 27 ـ كۈنى بەرگەن تېلېگراممىسى:

بېيجىڭ 25 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ مەسىلىسى» توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، شىنجاڭغا (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا) ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ تارىخى يەشمىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىگىزلىك» مەيدانىنى بايان قىلدى ۋە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالىنى ھەمدە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ۋە تۈركىستانچىلىقنىڭ كېلىپ ـ كېتىش تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

«ئاق تاشلىق كىتاب» 22000 دانە خىتاي خېتى بىلەن يېزىلدى، 10 قىسمغا بۆلۈندى، ئەڭ مۇھىم مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

«ئاق تاشلىق كىتاب» مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ياشاپ كەلگەن رايون، ھازىر مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا 47 مىللەت ياشايدۇ، جۇڭگودىكى بەش ئاز سانلىق مىللەت رايونى ئىچىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت رايونى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانىنىڭ نوپۇسى 19 مىليون 250 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 280 مىڭ بولۇپ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان نوپۇسىنىڭ 43% تىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

«ئاق تاشلىق كىتاب» تا: ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «تۈركىستان» دېگەن بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى بۇ زېمىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى ــ سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ياسىلىغا تۇتۇشۇپ كېتىدىغان شەرقىي رايونلارنى كۆرسىتەتتى، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «تۈركىستان» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ جۇغراپىيىۋى مەنىسى مۆجمەللىشىپ كەتتى، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپلا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىدى، ـ دەپ كۆرسىتىلدى.

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىكچىلىرى، دىنىي ئەكابىرلار «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېگەننى تەرغىب قىلىپ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي بىلەن دىن بىرلەشكەن دۆلەت قۇرماقچى بولدى ھەمدە جۇڭگو 3000 يىلدىن بېرى تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى، دەپ ئاتاشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەسىلەن: 1933 ــ يىلى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 1944 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى غۇلجا شەھىرىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم تۈركىستان كۈچلىرى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر تېررورىزملىق ھەرىكەتنى مۇھىم ھەرىكەت ۋاستىسىگە

ئايلاندۇردى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خەلقئارادا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. تۈركىستانچىلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پائالىيىتى تەسىرگە ئۇچرىدى ـ يۇ، لېكىن توختاپ قالمىدى.

1954 ـ يىلى بېيجىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى قۇرۇپ چىقتى. بېيجىڭ «ئاق تاشلىق كىتاب» تا بىكىتۋەن 50 يىلدىن بېرى ئىچكى ـ تاشقى مۇستەقىلچىلەرگە زەربە بېرىشتە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندى، دەپ تەسۋىرلىدى.

«ئاق تاشلىق كىتاب»نىڭ ئېلان قىلىنىشى رەئىس خۇ جىنتاۋ موسكۋانى، پېتىر بورگنى زىيارەت قىلىدىغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. شۇڭا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

# 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 28 ـ كۈنى 2002 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ: جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى كۈنسايىن ئۇساللاشتى، دەپ كۆرسەتتى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: جۇڭگودا قانۇنچىلىق تىرىشچانلىقى، سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە ئەمەلدارلار ئىختىيارلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، دەپ كۆرسەتتى.

جۇڭگودا سان ـ ساناقسىز كىشىلەر قولغا ئېلىندى، نەزەربەند قىلىندى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ـ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ سانى ـ ئېلىنغانلىقى، قولغا ئېلىنىشقا سەۋەب بولدى. يۇقىرى بېسىم، مۇجمەل جازا، مەمۇرى بۇيرۇق بىلەن قولغا ئېلىش، ئەدلىيىنى جۇڭگودا ئەدلىيە دېگىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى، كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇۋەتتى، دەپ كۆرسەتتى كەچۈرۈم تەشكىلاتى.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى جۇڭگو مىللەتچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى، دېگەن سەۋەبلەرنى كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنى، دىنى تەشكىلاتلارنى باستۇردى، دەپ كۆرسەتتى.

مۇشۇ كۈنى مۇشۇ دوكلات ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلار كۇلۇبىدا ئېلان قىلىنغاندا، مەخسۇس ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان

ئىدى ھەمدە رابىيە قادىر توغرىسىدىمۇ ئەتراپلىق توختالغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتى 25 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ئاق تاشلىق كىتاب»قا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. خەلقئارا جەمئىيەت مۇشۇ دوكلاتقا ئاساسلىنىپ، خىتاي ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب»نى ئۆتكۈر مەسخىرە ئاستىغا ئالدى. 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇى روبىنسۇن خانىم بېيجىڭدا بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدا رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈستىدە توختىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان كۈندىن باشلاپ خىتاي مەتبۇئاتلىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، رابىيە قادىر توغرىسىدا خەۋەر تارقاتمايدىغان، تارقاتسىمۇ ئاز تارقىتىدىغان بولۇۋالدى. بۇ قېتىم خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىللىق دوكلاتىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، ئۇيغۇرلار ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي مەتبۇئاتلىرى «ئاز سانلىق مىللەت» دەپ ئېلىپلا دوكلاتنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى خەۋەر قىلمىدى.

## 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» لوس ئانجېلىس ۋاقىت گېزىتىنىڭ 29 ـ كۈنى خەۋىرى:

ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر نەپەر ئەمەلدارى: بەش بۇرجەكلىك بىنا ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇرۇش پىلانىنى تەرتىپكە سېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولدى، ياپونىيىنىڭ ئوكىناۋا ئارىلىدىكى ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ، ئۇزۇندىن بېرى ھەربىي بازا قۇرۇلمىغان ئاۋستىرالىيە، سىنگاپور، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوتتۇرا ـ كىچىك كۆلەملىك ھەربىي بازا قۇرۇشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى.

ئاسىيادا تۇرۇشلۇق ھەربىي بازىلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى جۈملىدىن ئامېرىكا ئارمىيىسىنى جەنۇبىي كورىيە ھەربىي رايونىدىن چېكىندۈرۈش — بۇ پىلان بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ يەرشارى بويىچە ھەربىي بازىلارنى يىغىدىن، ئۇزۇل ـ كېسىل تەرتىپكە سېلىش پىلانىنىڭ 3 ـ باسقۇچى، دەپ ئاتالدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنى داۋالغۇش ئېچىدە تۇرغان رايونلارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان مۇھىم ھەربىي بازىلارنى قىسقارتىش مەسىلەن: ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىنى قىسقارتىشنى مەقسەت قىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان دۆلەتلەردىن ھەربىي بازىلارنى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلىدى.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى مىنىستىرى: ھەرقايسى بازىلاردىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، بىز جەنۇبىي كورېيە، ياپونىيە ـ ئوكىناۋا ۋە باشقا جايلاردىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى قايتا ئويلاشقا كىرىشتۇق، ـ دەپ كۆرسەتتى، بىراق تەپسىلاتلارنى بايان قىلىشنى رەت قىلدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ يەنە باشقا بىر ئەمەلدارى: ئامېرىكا ئويلىشىۋاتقان ئاسىيادا تۇرۇشلۇق ھەربىي بازىلارنى تەرتىپكە سېلىش ـ جۈملىدىن ئوكىناۋادا تۇرۇشلۇق 20 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەسكىرى قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ، ئاۋستىرالىيىدە يېڭى ھەربىي بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، سىنگاپور، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەربىي بازىلارنى كۆپەيتىپ قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاپ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى پاراخوتلىرىنىڭ ۋېيتنام دېڭىز تەۋەلىكىگە كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە فىلىپپىنگە قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بۇ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ جەنۇبىي كورېيىدىن ئامېرىكا ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈشنى قارار قىلدى، ـ دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي بازىلارنى قايتا تەرتىپكە سېلىش ۋە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئوتتۇرا شەرقتە باشلاندى. ئامېرىكا ئۆتكەن ئايدا ئەرەبىستاندا ۋە تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي بازىلارنى تۈركۈملەپ چېكىندۈرۈپ چىقتى. بەش بۇرجەكلىك بىنا تېزلىكتە شەرقىي ياۋروپادا، ئوتتۇرا ئاسىيادا سابىق سوۋېتلار ئىلگىرى تىزگىنلىگەن رايونلاردا ھەربىي بازا قۇرۇشنى قارار قىلدى.

## 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 27 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» مۇنداق كۆرسەتتى:

بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئارمىيە قۇرۇلغان (8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) ئالدىدا مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۈنۈگۈن جىددىي يىغىن چاقىرىپ قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كوچىدا قوراللىق يۈرۈشنى ئاساس، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە قوراللىق يۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، تېرروريستلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن پەخەس بولۇشنى چاقىرىق قىلدى.

باياناتچى دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: ۋاڭ لېچۈەن، ئازادلىق ئارمىيە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى قاتارلىق كىشىلەر 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يىغىن چاقىرىپ، خەلق ئەسكىرى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىشلەپ زوراۋانلىقتىن، تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. دىلشات رەشىد: مەركەز غەربنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن كېيىن كۆپلىگەن خىتايلار مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشسىز قېلىپ، خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي توقۇنۇش كۆنسايىن ئېغىرلاشتى، ھەتتا چېقىلغان ھامان پارتلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. توقۇنۇشتىن، زوراۋانلىقتىن، تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە زاۋۇت ـ كارخانا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللىدى، دەپ كۆرسەتتى.

دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: ئۈرۈمچىدە 21 كوچىدا قوراللىق شىتاپلار قۇرۇلدى. ئازادلىق ئارمىيە بايرىمىدىن بۇرۇن قوراللاندۇرۇش يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى دائىرىلەرنىڭ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ۋەزىيىتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، دېدى.

# 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» خىتاي شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدىن ستاته ئېلىپ مۇنداق كۆرسەتتى:

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا ئالته دۆلەت تۇنجى قېتىم كۆپ تەرەپلىمىلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. جۇڭگو، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئورۇس قاتارلىق دۆلەتلەر 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى مانېۋىرغا قاتناشتۇردى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋىرغا قاتناشقان جۇڭگو ــ لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى كەن يۈەن 6 ـ كۈنى:

كۆپ تەرەپ بىرلىشىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي مانېۋىر، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، ئۈچ خىل كۈچلەرگە، تېررورىست مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشتە بىردەك مەيدان قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدىن باشقا، ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ھەربىي ئىشلار ساھەسى بويىچە ھەمكارلىقنى ئۆزئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، دېدى.

شىنخۇاشى: بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋىر «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ تېررورىستلارغا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە جۇڭگو، قازاق، قىرغىز، ئورۇس، تاجىك قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى بۇ يىل 5 ـ

ئايدا موسكۋادا ئورتاق ئىمزالىغان تېررورىستلارغا قارشى «بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈش» توغرىسىدىكى ئەسلەتمىگە ئاساسەن ئۆتكۈزۈلدى، دېدى.

ئەسكەرتىش:

ئورۇس ئەسكەرلىرى، خىتاي ئەسكەرلىرى، قىرغىز ئەسكەرلىرى، قازاق ئەسكەرلىرى، تاجىك ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىدە ئۇيغۇرغا قارشى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى، دېسە جاھان قوبۇل قىلامدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى قوبۇل قىلامدۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى، مىللىي ئىرادىسى قوبۇل قىلامدۇ؟

# 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

«ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»نىڭ 21 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋىرى:

جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى بۇ يىل جەنۋەدە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا، جۇڭگونى ئەيىبلەيدىغان قانۇن لايىھە ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى قارار قىلغان ئىدى، بىراق ئامېرىكا جۇڭگونى ۋەدىسىدە تۇرمىدى، دەپ ئەيىبلىدى.

پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلىگەندە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ سەزگۈر ۋاقتىغا توغرا كەلدى. پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى، جۇڭگونىڭ كورېيىنىڭ يادرو قوراللىرى مەسىلىسىدە ئوينىغان رولىنى مەدھىيىلىگەن. ئەمما ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، يېقىندا جۇڭگونى تەنقىد قىلىپ، ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىدى، دېدى. شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭ دائىرىلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ رەسمىيەتلەرنى خالىي كىشىلەرنى قولغا ئېلىش، دىنى ئېتىقادنى چەكلەش، جىنايەتچىلەرنى خورلاش، تەن جازاسى بېرىش قاتارلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە ماقۇل بولغان. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى مۇنداق كۆرسەتتى:

ئامېرىكىدا بىر دىنىي تەشكىلاتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگوغا بېرىشىغا قوشۇلغان. لېكىن جۇڭگو تەرەپ بۇ دىنىي ئىشلار تەشكىلاتىنىڭ شاڭگاڭ ئارقىلىق ئۆتۈشىگە قوشۇلمىغانلىقتىن،

دىنى ئىشلار تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى كېچىكىپ كەتتى، دېدى.

كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى Lorne Ganer ئەپەندى: بىز كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياخشى ئىش قىلمىغانلىقى بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈردى، دەپ كۆرسەتتى.

## 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا كونگرېسى ئاۋام پالاتاسى تەيۋەن ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق رەئىسى شاپوت ئەپەندى: ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇقۇمىدا، ئامېرىكا: جۇڭگو، تەيۋەنگە ئىگىلىك هوقۇقلۇق دۆلەت، دەپ قارايدۇ، دەپ تونۇغانلىقتىن، جۇڭگو: ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىشىمۇ يوللۇق، دەپ قارايدۇ، دەپ تونۇپ كەلمەكتە. ئەگەر تەيۋەن خەلقى مۇستەقىللىق يولىنى تاللاپ ئالسا، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا هوقۇقلۇق. تەيۋەننىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى بەلگىلەش هوقۇقى بېيجىڭنىڭ قولىدا ئەمەس، تەيبېينىڭ قولىدىمۇ ئەمەس، بەلكى تەيۋەن خەلقىنىڭ قولىدىدۇر، دەپ كۆرسەتتى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئاندىلوس ئەپەندى مۇنداق كۆرسەتتى: تەيۋەن خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە هوقۇقلۇق، ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتى، تەيۋەن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ بىر قىسمى، دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتى ئۆتمۈشتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ رايىغا بېقىپ، جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ سابىق سوۋېتلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن سىياسەت ئىدى، بۈگۈن زامان، ماكان ئارقا كۆرۈنۈشى ئۆزگەردى. يۇقىرىقىدەك بىر جۇڭگو سىياسىتى هازىرقى خەلقئارا رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

# 2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

بېيجىڭنىڭ «دۆلەت مۇداپىئە گېزىتى» 17 - كۈنى: ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر تارماق قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىگە يېتىپ كېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە «03 خاقانىنىڭ ئىزدىنىشى» بەلگىلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى. ھەربىي مانېۋىر ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدە تۇنجى قېتىم ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بېرىشى، دەپ خەۋەر قىلىندى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ گېزىت: ئامېرىكا يېڭى ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتتى، دەپ كۆرسەتتى.

«03 خاقانىنىڭ ئىزدىنىشى» بەلگىلىك ھەربىي مانېۋىر ئىككى باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. نۆۋەتتە بىرىنچى باسقۇچلۇق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈلمەكتە. مانېۋىرنىڭ تەرتىپلىرى، ئامېرىكا ئارمىيىسى موڭغۇلىيىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىگە سۈپەتنى ياخشىلاش تەربىيىسى بېرىپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوفىتسېر بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم بەدەن چېنىقتۇرۇش، قوماندانلىق، رەھبەرلىك سەنئىتى، خەلقئارا ئۇرۇش پرىنسىپلىرى، ھەرخىل قورال - ياراغلارنى باشقۇرۇش، ئۆگىنىش، ئىشلىتىش، بىخەتەرلىكنى تېزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېقىندا باشلانغان ئىككىنچى باسقۇچلۇق ھەربىي مانېۋىر جۇملىدىن تەربىيىلەش ۋە دالا مەشىقى ئېلىپ بېرىش، موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى، تىنچلىق ساقلاش ئالاقىدار مۇكەممەل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئۆستۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاينىڭ «خەلق گېزىتى»: ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە بېيجىڭ ئىنتايىن دىققەت قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ، قاچان؟

# 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 10 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» بۈگۈن مۇنداق كۆرسەتتى: بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئاتىكى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جەنۇبى ئۇيغۇرىستانىنىڭ كورلا شەھىرىدە مەكتەپلەردە، دىنى تەبلىغ سورۇنلىرىدا ھەتتا ساقچى ئىدارىلىرىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قوللايدىغان ساقچىلارنى ساقچى ئىدارىسىدىن قوغلاپ چىقاردى.

باياناتچى دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى:

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئاتىكى كۈچەيتىش ھەرىكىتى بايىنغولىن ئوبلاستىدا غالجىرلىق پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى. دائىرىلەر مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى، دىنى زاتلارنى بىر يەرگە توپلاپ ئاتالمىش شىنجاڭ تارىخىنى «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دائىرىلەر بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بارلىق باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 525 مەكتەپ مۇدىرىنىڭ 11ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كوممۇنىستىك

ئىدېئولوگىيىسىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئۆگىنىشكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

# 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ شاڭگاڭ خەۋەرلىرى:

«ۋىنخوي باۋ» مۇنداق خەۋەر قىلدى. شىنجاڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئىگىلىشىمىزچە: «ئىسلام غازاتچىلىرى پارتىيىسى»نىڭ باشلىقى خوجا مۇھەممەد ئابباسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، سىياسىي هوقۇقى «ئۆمۈرۋايەت» تارتىپ ئېلىندى.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدلىيە مەھكىمىسى: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىم سوت قىلغاندا، خوجامۇھەممەد ئابباس يەنە بىر ئىسمى شىرئەلى ۋەتەننى پارچىلايدىغان تەشكىلات قۇرۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ قىلمىشى دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتىگە ياتىدۇ، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى تەشكىللەپ قورال ياساپ، قورال، ئوق ـ دورا ساقلاش جىنايىتى، ئادەم توپلاپ تۈرمىدىن ئېلىپ قېچىشنى پىلانلاش جىنايىتى سادىر قىلدى. قىلمىشى ئېغىر، زىيان ـ زەخمەت سېلىشى ئېغىر قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك، دەپ چىقارغان ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ ئىجرا قىلىندى، دېدى.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇققا تايىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، خوجامۇھەممەد ئابباسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقى ئۆمۈرۋايەت تارتىپ ئېلىندى.

خەۋەردە مۇنداق كۆرستىلدى: خوجامۇھەممەد ئابباس 1995 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە «شەرقىي تۈركىستان ئاللاھ پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرى، غوللۇق ئەزالىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، زور كۈچ چىقىرىپ دۆلەتنى پارچىلايدىغان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجا ئىنقىلابىنى تەشكىللىگەن.

يىگىت، شېھىت ياتار جايىڭ جەننەت بولسۇن، ئاللاھ رەھىم قىلسۇن.

بۇ يىگىت تۈرلۈك يوللارنى بېسىپ بىرما دېگەن بۇددىستلار دۆلىتىگە كەلگەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇساپىرلارنى تىزىملاش ئورگىنىغا تىزىمغا ئالدۇرغان. سىياسىي پاناھلىقى قوبۇل قىلىنغان ئەسنادا، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا لېكسىيە سۆزلەپ سىز نەدە...؟ دېگەن سوئالغا مەن: بېرمادا، دەپ جاۋاب بەرگەن. خىتاي ساقچىلىرى بۇ يىگىتنى بېرمادىن تۇتۇپ كەتكەن، بۇ يىگىتنى ئاللاھ ئازدۇرغانمۇ ياكى بەندىلەر ئازدۇرغانمۇ...؟

# 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» شىنخۇاشې مۇخبىرىنىڭ 15 ــ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خىتاي ساقچى مىنىستىرلىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى جاۋ يوڭ جىن 15 ـ كۈنى مۇنداق دېدى:

خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تېررورىست ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش قارارىغا ئاساسلىنىپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك قانۇنىغا ئاساسلىنىپ ساقچى مىنىستىرلىكى تۆت تەشكىلاتنى تېررورىست تەشكىلات، دەپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى، 11 نەپەر ئۇيغۇرنى شەرقىي تۈركىستانچى تېررورىست ئۇيغۇرلار، دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتا خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ، ئوخشاشلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگونىڭ تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىستلارغا جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستانچى تېررورىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا تېررورىستلارغا قارشى پائالىيەتتە تېررورىزمغا قارشى ئاخبارات ئالماشتۇرۇش، گۇمانلىق تېررورىست ئۇنسۇرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش، تېررورىستلارنىڭ مەبلەغ مەنبەئىنى ئۈزۈپ تاشلاش جەھەتلەردە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

ئېلان قىلىنغان تۆت تېررورىست تەشكىلات تۆۋەندىكىچە: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتى»، «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»، «شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ئۇچۇر مەركىزى» قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن ئىبارەت.

11 نەپەر تېررورىست كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە: ھەسەن مەخسۇم، مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت، دولقۇن ئىيسا، ئابدۇلجېلىل قارىقاش، ئابدۇلقادىر ياپچان، ئابدۇلھەمىت تۇرسۇن، ئابدۇمىجىت مۇھەممەد كېرىم، ئابدۇللاھ قارىھاجى، خۇدابەردى ھاشىربەگ، ياسىن مۇھەممەد، ئاتىخان ئابدۇنىياز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى» شىنخۇاشې ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدىن تارقاتقان خەۋىرى:

جۇڭگو جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى 15 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم تەن ئالغان تۆت تۈركۈم تېررورىست تەشكىلات ۋە 11 نەپەر تېررورىست شەخسنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ تۆت تۈركۈم تېررورىست تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات، ئۇچۇر مەركىزى» تەشكىلاتى، ئاخبارات ئورگىنى «قالپىقىنى» كىيىۋېلىپ تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

ساقچى مىنىستىرلىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى جاۋ يۇڭ چېن مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى ئىسمىدىن قارىغاندا ئاخبارات ئورگىنىغا ئوخشايدۇ، ئەمەلىيەتتە كەم

ـ كۆتىسىز تېررورىست تەشكىلاتتۇر.» ئۇ مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تاشقى دۇنياغا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدىيىلەرنى جۆملىدىن تور بەتلىرىدە «مۇستەقىللىقتىن ئۆمىد بارمۇ ــ يوق»، «يا ئۆلۈم يا مۇستەقىللىق» قاتارلىق يالىڭاچ دىنى ئىدىيىلەر، ماقالىلەرنى، كىتابلارنى تارقاتتى».

ئۇ مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تور بەتلىرى ئارقىلىق تېررورىست ئۇنسۇرلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېررورىست تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، تور بېتى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىپ، ئەزالارنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ۋە دۆلەتنىڭ سىرتىدىكى تېررورىست تەشكىلاتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئوخشاشلا بۇ تەشكىلات چېگرا ئىچىدىن (ۋەتەن ئىچىدىن) مۇستەقىللىققا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ــ ئۇچۇرلارنى توپلاپ، تېررورىست تەشكىلاتلارغا ئاخبارات، ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تەشكىلات غازات ئۇرۇشىنى ئىزچىل تەرغىب ــ تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەن ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پارتلىتىش، زەھەر تاشلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق يەسلى، مەكتەپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە تارماقلارنى نىشان قىلىپ خىتايلار (خەنزۇلار) ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىشنى ئاشكارا قۇتراتتى ۋە چاقىرىق قىلدى.

جاۋ يوڭ چېن مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى ۋەتەن ئىچىدە ماي، نېفىت باكلىرى، تۆمۈر يول، تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنى پارتلىتىش توغرىسىدا پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.»

* * * * *

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ شاڭگاڭ خەۋەرلىرى:

«قۇياش گېزىتى» مۇنداق خەۋەر قىلدى: جۇڭگو ساقچى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان تۆت تۈركۈم تېرروریست تەشكىلاتىنىڭ بىرى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى دىلشات رەشىد 15 ـ كۈنى: بۇ تەشكىلاتنىڭ تېرروریست تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلدى، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى خۇنۇكلەشتۈردى، دېدى. لېكىن تۆمۈر يولغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ماي، نېفىت باكلىرىنى پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى توغرىدىن ـ توغرا ئىنكار قىلمىدى. باياناتچى دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەتەننى، ۋەتەننىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار.

دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ ساقچى مىنىستىرلىكى ئەنگە ئېلىپ ئېلان قىلغان، تېرروریست دەپ ئەيىبلەنگەن 11 نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تونۇيمەن، لېكىن بۇلارنىڭ تېرروریست گۇرۇپپىلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇ 11 نەپەر كىشىنىڭ كۆپچىلىكى چەت ئەللەردە دېموكراتىك دۆلەتلەردە قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىندى. مەن ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىمەيمەن.

دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ساقچى مىنىستىرلىكى تۆت تۈركۈم تەشكىلاتنى تېرروریست تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك، نامۇۋاپىق ھەرىكەتتۇر. بۇنىڭ ئىچىدە «دۇنيا ئۇيغۇر

ياشلىرى قۇرۇلتىيى» خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئەقلى ۋە تىنچلىق بىلەن پائالىيەت قىلىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى مۇھىم خەۋەر، ئۇچۇر تارقىتىشتىن ئىبارەت، تېررورىزملىق پائالىيەتلەرنى پىلانلاش ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق.

خەۋەردە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تېررورىست تەشكىلات، دەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتىغا تىزىمغا ئېلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتى تاشقى دۇنيادا چېكىدىن ئاشقان رادىكال تەشكىلات، دەپ ئەنگە ئېلىندى. باياناتچى دىلشات رەشىد بۇ توغرىدا بايانات قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: توقۇنۇش ۋە قان تۆكۈشلەرنى بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئايرىم كىشىلەرنىڭ رادىكالىست ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى چەتكە قاقمايمەن. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىكمۇ، يوق، خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق قارار چىقىرىشى كېرەك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

# 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

«فرانسىيە ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 20 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۈگۈن چاقىرىق ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەرگە تېررورىست، دەيدىغان ئەيىبلەشكە ئىشلىتىۋاتقان سىياسەتلىرىنى ئەيىبلىدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۈگۈن ئېلان قىلغان دوكلاتتا «جۇڭگو ھۆكۈمىتى» دىگەن سۆزنى ئىشلەتتى.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى: جۇڭگو مۇشۇ ھەپتە، سەل بۇرۇن چەت ئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تېررورىست دەپ تىزىملىك ئېلان قىلدى ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ كىشىلەرنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قىلمىش گويا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى تىزگىنلەشكە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنغانلىقىدۇر، دەپ كۆرسەتتى.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى: بېيجىڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا داۋاملىق باستۇرۇشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا، دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭ تېررورىست تەشكىلات، دەپ ئەيىبلىگەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» تەشكىلاتلىرى، گېرمانىيىدە قۇرۇلغان تەشكىلاتلار بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە پاش قىلىپ يەتكۈزىدىغان ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ

(مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) نىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەشكىلاتلاردۇر.

بېيجىڭ دائىرىلىرى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا) بۆلگۈنچىلەرنى، بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى داۋاملىق باستۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم 100 كۈنلۈك زەربە بېرىشنى يولغا قويۇپ، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ تېررورىست تەشكىلاتلار ۋە تېررورىست شەخسلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى باياناتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىنچ يول بىلەن قارشى تۇرۇشنى زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشتىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن ئايرىماي، ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇق داۋاملىق باستۇرۇپ كەلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالىي ئاپتونومىيە ياكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دەپ قاراپ كەلدى.

## 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ بېيجىڭ خەۋەرلىرى:

ئافغانىستان بۇ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇللاھ، بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەن جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۈشىن خۇا بىلەن كۆرۈشكەندە: ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ يېقىندا تېررورىست تەشكىلاتلار قاتارىدا تىزىمغا ئېلىنغان تۈرك تۈركۈم ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركىستانچى تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشنى خالايدۇ، شۇنداقلا بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستانچى بىرىنچى دەرىجىلىك باشلىق، دەپ تىزىمغا ئالغان ھەسەن مەخسۇم نۆۋەتتە پاكىستان چېگرىسىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سەمەت، سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇخبىرلارغا: جۇڭگو يېقىندا تېررورىست تەشكىلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك تۆت تۈركۈم تەشكىلاتنى تېررورىستلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى، ئافغانىستان بۇ جەھەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، دېدى.

ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ۋاھان كارىدورى (ئەسلى ئۇيغۇرىستاننىڭ زېمىنى) مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئىككى دۆلەت چېگرىسى 40 كىلومېتىر كەڭلىككە ئىگە. 19 ـ ئەسىردە چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ

يۈرگەندە، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا بازا قۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ۋاھان كارىدورى ئارقىلىق كېلەتتى.

باياناتچى سەمەت مۇنداق دېدى: ئىككى تەرەپ سۆھبەت جەريانىدا رايون خاراكتېرلىك بىخەتەرلىك ۋە تېررورىستلارغا زەربە بېرىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى.

مىنىستىر ئابدۇللاھ: كابۇل بېيجىڭنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتىنى قوللايدۇ، تەيۋەن جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى، دەپ تونۇيدۇ، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستانغا 150 مىليون دوللار ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

## 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋچىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ كىشىلىك هوقۇق، دېموكراتىيە، ئەمگەك ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر 29 ـ كۈنى جۇڭگو مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك هوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەستايىدىل ئويلىشىشى كېرەك.

مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى مۇنداق كۆرسەتتى: تەيۋەن دېموكراتىيىسى دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئۈلگە بولۇپ قالدى، پرېزىدېنت بوشنىڭ ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش ئىشى بويىچە تەيۋەنگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى: پرېزىدېنت بوش تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىنى چەكلىمىدى، بەلكى بىر تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلدى، دېدى.

دۆلەت ئىشلار كاتىپى مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى 2002 ـ يىلى بىر ئاز ياخشىلانغانلىقتىن، ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك هوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى. لېكىن 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسى ئوساللىشىپ كەتتى، شۇڭا ئامېرىكا بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك

ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەستايىدىل ئويلىشىشقا يۈزلەندى.

تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسى جۇڭگوغا ئۈلگە بولالامدۇ، دەپ سوئال قويۇلغاندا، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى: تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسى جۇڭگوغا ئۈلگە بولۇپلا قالماستىن تەيۋەن ۋە جەنۇبىي كورېيىنىڭ دېموكراتىيىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى، ھازىر ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسىياچە دېموكراتىيە ئۇسۇلى بار، دەيدىغان گەپلەرگە ئورۇن قالمىدى، دەپ كۆرسەتتى. يىغىندا بىر كىشى پرېزىدېنت بوش ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ ۋەزىرى ۋېن جاباۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، تەيۋەن پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەننىڭ بويۇن تاۋلىق قىلىپ، ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويماقچى بولغانلىقىنى تەنقىدلەش بىلەن پرېزىدېنت بوشنىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارمۇ، يوق؟ دەپ سوئال قويغاندا، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى: پرېزىدېنت بوش تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىنى چەكلىمىدى، بەلكى بىر تۈرلۈك ئەمەلىي ئىشنى بىر تەرەپ قىلدى، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك سىياسەت تۈزۈملەشكەن نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە ئورتاقلىقى بار، شۇڭا نۇرغۇن ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

# 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى شى كەي مىڭنىڭ 30 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

دۆلەتنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ 27 ـ كۈنى فرانسىيە پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: جۇڭگو «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نىڭ زور مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ، شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ھامان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقلىشىغا تەكلىپ بېرىدۇ، دېدى.

شاڭخەي «دۇڭخاڭ سەھەر گېزىتى» مۇنداق خەۋەر قىلدى: شەرقىي جۇڭگو سىياسىي، قانۇن ئىنستىتۇتى دۆلەت قانۇن ئىلمى پروفېسسورى گۇۋەن جيەن: خۇجىنتاۋنىڭ فرانسىيە پارلامېنتىدا سۆزلىگەن سۆزى بېيجىڭنىڭ «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلاشنى تەرتىپ بويىچە تىزلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دېدى.

«پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» 1966 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان ھەمدە ئىمزا قويۇشقا ئېچىۋېتىلگەن. 1976 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بۇ ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولغان، جەمئىي 53 ماددىلىق ئەھدىنامە ئىدى، بۇ ئەھدىنامە «ئىقتىساد،

جەمئىيەت، مەدەنىيەت خەلقئارا ئەھدىنامىسى» بىلەن قوشۇلۇپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق نىزامنامىسى، دەپ ئاتىلاتتى.

جۇڭگو 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا قوشۇلۇپ ئىمزا قويغان. 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەستىقلاپ يولغا قويىدىغان چاغدا، بۇ قانۇننىڭ ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار قۇرۇش توغرىسىدىكى ماددىلىرىغا نىسبەتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چىن خۋا سۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىدا «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى»غا قول قويغاندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ ئەھدىنامىنى تەستىقلىمىدى.

تەستىقلىماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى نىمە؟ «پۇقرالار ھوقۇق ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىتى ۋە قانۇن سىستېمىسى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلاتتى، ھەتتا بىيجىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىرىغا كىرىزىس ئېلىپ كېلەتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنلىرى توغرىسىدا ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇنداق قىلىش ئەھدىنامىنىڭ نۇرغۇن ماددىلىرى توغرىسىدا ئۆز پىكرىدە قىلىشقا ئېلىپ باراتتى ـــ دە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەت قىلىش سەممىيەتلىرى كۈچلۈك گۇمان قوزغايتتى.

«پۇقرالار هوقۇقى ۋە سياسىي هوقـۇق خەلقئـارا ئەهدىنامىسى»نىڭ جۇڭگو هۆكـۈمىتىگە ئىبغىر كەلـگەن تەرىپى ــ بـۇ ئەهـدىنامىنىڭ «ئـۆز تەقـدىرىنى ئـۆزى بەلگىـلەش» ماددىلىرىـدۇر. جۇڭگـو بـۇ ئەهـدىنامىنى تەستىقلاپ تارقاتقانـدا ئـاز سـانلىق مىللەتلەرنىـڭ بۆلگۈنچىلىـك ئىبگى ۋە هەرىكىـتىگە غىـدىقلاش پەيـدا قىلىـدۇ، دەپ ئەنـسىرەيتتى. شـۇنداقلا ئەهدىنامىنىڭ ئۇرۇش تەرغىباتىنى چەكلەش ماددىلىرىغا كەلگەنـدە بىيجىـڭ دائىرىلىـرى كەلگۈسـىدە تەيـۋەنگە قـورال ئىـشلەتكەندە پـۈت ـ قولىنىـڭ چىرمىلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

## 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى 22 ـ كۈنى: ئامېرىكا بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان قانۇن لايىھە ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بۇ لايىھىگە ئىمزا قويۇشىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوزغايدىغان توسقۇنلۇق قىلىش مۇددىئاسىنى چەكلەشنى چاقىرىق قىلدى.

ئۆتمۈشتە ھەر قېتىم ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەيدىغان لايىھە قويۇپ كەلگەن، بىراق جۇڭگو چەكلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇپ غەلىبە قىلىپ كەلگەن ئىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنى ئۆتكەن ھەپتىدىن باشلاپ جەنۋەدە ئېچىلدى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە نېگىزلىك ئەركىنلىكىگە كاپالەت بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 2002 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە ئامېرىكىغا

بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكتىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۈمىدسىزلەندى.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل 12 ـ كۈنى ۋە 20 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لى جاشىڭغا تېلېفون بېرىپ، بۇ يىل ئامېرىكىنىڭ جەنۋەدە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويدى.

فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

60 ـ قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 23 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ: «نارازى بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، دېدى.

باياناتچى شىن گوفاڭ: جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرمايدۇ، ئۈزۈپ قويىدۇ، ئاقىۋەتكە ئامېرىكا مەسئۇل، دەپ كۆرسەتتى.

## 2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

خۇبى ئۆلكىسى جياڭ خەن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈيۈەن جو، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇن لايىھىسى»نى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى. 31 ماددىلىق بۇ قانۇندا تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ فېدېراتسىيىنىڭ شەكلى ۋە بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم شەكلى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشقا، تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ھەرىكەت تەرتىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ نۇقتىلىق قىسمى 4 ـ بابتا، تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىككى خىل لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» يەنى ــ جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى تەيۋەن ئالاھىدە مەمۇرى رايونى قۇرۇش؛ 2. فېدېراتسىيىلىك تۈزۈم ــ جۇڭخۇا فېدراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، خەلقئارا قانۇنلار ۋە جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنى بويىچە، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە سوبيېكتىپلىق سالاھىيەت بېرىش. ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىسا، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ مۇستەقىللىققا قاراپ ماڭسا، چەت ئەل كۈچلىرى قوراللىق ئارىلاشسا ياكى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلسا ياكى تەيۋەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مۇددەتسىز كېچىكتۈرسە ياكى توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇنداقتا بۇ قانۇن لايىھە دۆلەت باشلىقى ياكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا قورال ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىدۇ، دېيىلگەن.

## 2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى:

ھېچبولمىغانــدا 12 نەپەر (ھــازىر 22 نەپەر بولــۇپ ئىنىقلانــدى) شـــىنجاڭ (مۇســـتەملىكە ئۇيغۇرىـــستان) مۇســـتەقىلچىلىرى ئەلقائىـــدە تەشــكىلاتىنىڭ يــاكى تالىبانلارنىــڭ قورالىلىــق ھەرىكەتلىــرىگە ئارىلىــشىپ قالغـانلىقتىن گۋانتانـامودىكى ئامېرىكـا ئارمىيىـسىنىڭ تۈرمىـسىگە قامالـدى. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا جۇڭگو ھۆكـۈمىتى سـاقچى ئەۋەتىــپ بـۇ تـۈرمىگە قامالغان ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكا ئارمىيە ــ قانۇن ئەمەلدارلىرى بىلەن بىــرلىكتە سوراق قىلغان ھەمدە بـۇ ئۇيغـۇرلارنى جۇڭگوغـا قـايتۇرۇپ بېرىـشنى تەلەپ قىلغان، بىراق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق تەلەپكە ماقۇل دېمىگەن.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ بىــر تۈركـۈم مۇســتەقىل ئۇيغۇرىـستانچىلارنىڭ كىملىك سالاھىيىتى تېخى ئېنىــق ئەمەس ئىــكەن. بـۇ كىــشىلەر ئافغانىــستاندا ئەلقائىـدەنىڭ ھەربىـي تەلىــم ــ تەربىــيە لاگېرىــدا ھەربىـي مەشــىق تەربىيىــسى ئالغـان ئىــكەن. ئامېرىكـا ئافغانىــستانغا ئــۇرۇش باشـلىغاندا قولغـا ئېلىنغـان بـۇ كىــشىلەر تېررورىــست تالىبــانلار ۋە ئەلقائىــدە تەشــكىلاتىنىڭ ئەزالــىرى بىــلەن بىرلىكتە گۋانتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكىغـا تەھـدىت پەيـدا قىلمايـدىغان، جىنـايەت ئېيىقتىشكە بولمايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمــدىن قويـۇپ بېرىــشنى قارار قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىــش توغرىــسىدا ئامېرىكـا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكـۈمىتى بىــلەن مـۇزاكىرىلەر ئېلىــپ بارغـانلىقىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سوتى دەلىللىدى. جۇڭگو تەرەپ بولسا بـۇ ئۇيغـۇرلارنى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا تەرەپ بولسا، جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ كىشىلەر تېرروررىست پائالىيەتلەرگە قاتناشقانمۇ يوق ئېنىق پاكىتلارنى ئامېرىكا تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارنى 3 ـ دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تېرروررىست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىسە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى ئايرىم دېلو قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ باشقا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ بېرىشى مۇمكىن. گەرچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىراقتا قىلغانلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، جىنايەتچىلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ختاي ساقچىلىرىنىڭ ئامېرىكا تەرەپكە ئۆگەتكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ: ختاي ھۆكۈمىتى ساقچى ئەمەلدارلىرىنى گۇانتانامو تۈرمىسىگە ئەۋەتىپ، ئامېرىكا ھەربىي تەرەپنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنى سوراق قىلىشىغا قاتناشتۇرغان ۋە ختاي ساقچى ئەمەلدارلىرى بۇ ئۇيغۇرلارنى قانداق سوراق قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئامېرىكا تەرەپكە ئۆگەتكەن. ختاي ساقچىلىرى گۇانتانامو تۈرمىسىدە سوراق قىلىش خىزمەتلىرىنى بېجىرگەندە قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، بىرنەچچە سائەت جىمجىت ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، غەيرىي ئاۋازلارنى تۈرمە ئىچىگە قويۇپ بېرىش، ئۇخلاتماسلىق قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇر مەھبۇسلارنى قىيىنىغان.

## 2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لىن باۋ چىڭنىڭ ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرىېۋىر«4 ـ ئىيۇن» ۋەقەسىنىڭ 15 يىللىقى ئارپىسىدا بېيجىڭ دائىرىلىرىگە چاقىرىق قىلىپ تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى قايتىدىن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر جۇڭگو رەھبەرلىرى 15 يىل بۇرۇنقى تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا سەممىي بولمايدىكەن، جۇڭگو ئەبەدىي خەلقئارا جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمايدۇ.

ئۇ مۇنداق قارىدى: جياڭ زېمىن بىلەن يېڭى جۇڭگو رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى، جۇڭگونىڭ يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەيۋەن، شاڭگاڭ كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەردە، قارامىلىق بىلەن سىياسىي قارار ئېلىشىغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ جۇڭگو كومىتېتى، كونگىرىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى 3 ــ كۈنى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ 15 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گۇۋاھلىق ئېلىش گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئاچتى.

رەندى شېرىېۋىر ئەپەندى مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىدە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىزچىل

كۈچ چىقىرىپ كەلدى. ئەمگەك ئىشلىرى مىنىستىرى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، جۇڭگودا ئىشچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى توغرىسىدا جىددىي پىكىر قويماقچى بولدى. جۇڭگو خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ شاڭگاڭدا سايلام توغرىسىدا قانۇن شەرھلەپ بېرىش توغرىسىدا قارار ئالغانلىقى، خاتا ھۆكۈم قىلىش بولدى. شاڭگاڭلىقلار ئەركىنلىك ۋە سىياسىيغا كۆپرەك ئارىلىششنى تەلەپ قىلىدۇ.

تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە ئارىلاشقان ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئۆركەش ئەپەندى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىدا، جۇڭگو بىلەن ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇپ، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش دەيدىغان ئۇقۇم توغرىسىدا توختالغاندا: جۇڭگو 15 يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش يەنىلا مۇستەبىتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چىرىكلەشكەن دۆلەتتۇر. جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ھوقۇقنى كونترول قىلىشى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۆركەش ئەپەندى بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم، دەپ تەكرارلاۋاتقان دالاي لامانىڭ تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلۇپ: شىنجاڭغىمۇ بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدى. ئۆركەش مۇنداق دېدى: مۇشۇ تۈرلۈك تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئەپسۇسكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تېررورىست، بۆلگۈنچى، دەپ ئەيىبلەنمەكتە.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىقى ئەركىن ئالىپتېكىن يىغىندا مۇنداق كۆرسەتتى: بېيجىڭ دائىرىلىرى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا باشلىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇيغۇرغا

ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەكتە. ئۇيغۇرلار ئۆمىدىنى يوقاتقان ئەھۋالدا قوراللىق كۆرەشكە بېرىلمەكتە.

ئەركىن ئالىپتېكىن: ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گۋانتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

## 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ 26 ـ كۈنى شاڭگاڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» بۈگۈن مۇنداق كۆرسەتتى: قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيىسىدە ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى مەخپىي سوت ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچى 19 نەپەر ئۇيغۇرغا ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بۇلارغا 3 يىلدىن 1 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

باياناتچى دىلشات رەشىد مۇنداق كۆرسەتتى: ھۆكۈم ئېلان قىلىپ قاماق جازاسى بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىكى 15 ياش، چوڭلىرى 30 ياشلىق كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئايال كىشى بار ئىدى.

قورچاق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنى پارچىلىماقچى بولدى، قانۇنسىز قورال ــ ياراغ، ئوق ـ دورا (يالغان) ساقلىدى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ 29 ياشلىق ئىدرىس قادىرغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

بۇنىڭ ئىچىدە رابىيە تۇراپ ئىسىملىك ئۇيغۇر قىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرىغا كىر يۇيۇپ بەردى، تاماق ئېتىپ بەردى، دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ 5 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىندىن بېرى دائىرىلەر جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرىنى ھەدەپ قولغا ئېلىشقا باشلىدى. يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلىرى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ئاتۇش شەھىرىدىن ئابدۇخەلىلنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسىدىن ئابدۇللاھ رەھىم ۋە ئاقسۇدىن ئابدۇلھېكىم قۇربان قاتارلىق كىشىلەر قولغا ئېلىندى.

ئۇچۇر مەركىزى: شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول ئارقىلىق سۆھبەت بىلەن ھەل قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى: ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق باستۇرۇش سىياسىتىنى ئىشلىتىدىغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقى قوراللىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، قوراللىق قارشىلىشىش يولىنى تاللاپ ئالىدۇ.

## 2004 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ شاڭگاڭ خەۋەرلىرى:

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «ۋېن خۇيباۋ» گېزىتى مۇنداق خەۋەر قىلدى: نۆۋەتتە دىنىي رادىكالىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور زىيان سالىدىغىنى دىنىي رادىكالىستلىقنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى، تېرروررىستلىقنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇۋاتقان، جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە تېشىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىدۇر.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ۋەكىللىكىدىكى 50 تىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە تېشىدا قايتىدىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىسلام دىنىنى نىقاب قىلىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرغىب قىلدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ رادىكالىزملىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنلۇق ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ «كوممۇنىستىك پارتىيە» ئاللاھ تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن پارتىيە، ئاللاھ پارتىيىسى ئاللاھنىڭ ئىسمى قويۇلغان پارتىيە، دەپ ھەر يەردە تەشۋىق قىلدى. خىتايلار بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ئىگىلەپ ئالدى. دىنىمىزنى ئاياغ ـــ ئاستى قىلدى، ئورنىمىزدىن دەست تۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغان سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بىر خىتاينى ئۆلتۈرسەڭ بىر قېتىم ھەرەمگە بارغانغا باراۋەر بولىدۇ، غازات قىلىپ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى

قوْرىمىز، دېيىشتى، ئۆلارنىڭ ھەرىكىتى دىنى رادىكاللىق توْسكە، تېررورىستلىق توْسكە ئىگە بولدى.

1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ) نىڭ ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزىسىدا شەرقىي توْركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىدئەتلەرنى يوقىتىپ، شەرقىي توْركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز، دېگەن شوئارنى توۋلاپ ماشىنىلارنى كۆيدۈرۈپ، ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرنى گۆرۈگە ئالدى.

1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا 10 قېتىم پارتلىتىش دېلوسى پەيدا قىلدى.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈچ دانە ئاپتوبۇسنى پارتلىتىپ توققۇز ئادەم ئۆلدى، 68 ئادەم يارىدار بولدى.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە «شەرقىي توْركىستان ئاللاھ پارتىيىسى»نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئەقىدىلىرى يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىپ، ماگىزىنلارنى ئۇۋتەي ــ توۋتەي قىلىپ، خىتاي پۇقرالىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ماشىنىلارنى چېقىپ يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 200 ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ 30 دىن ئارتۇق ماشىنىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 1990 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە ئىچكىرىدە ۋە تاشقىرىدا 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورىستلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ 162 ئادەم ئۆلدى، 440 ئادەم يارىلاندى. نۆۋەتتە يەرشارى دائىرىسىدە دىنى ئېتىقاد ئەسەبىيلىكى ئۆرلىدى. دىنى رادىكالىستلارغا زەربە بېرىشتە ۋەزىيەت ئېغىر، يول يىراق. شۇڭا دىنى رادىكالىستلارنىڭ ئالدىدا ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

# 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن مۇخبىرى جاڭ زۇڭ جىنىڭ 19 ـ كۈنى بەرگەن تېلېگراممىسى:

ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ باياناتچىسى 19 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا مۇنداق كۆرسەتتى: «ئامېرىكا ــ ياپونىيە بىخەتەرلىك مۇداپىئە كۆرسەتكۈچى» ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رايونلار ياپونىيە بولۇپلا قالماستىن، جۇملىدىن كورېيە يېرىم ئارىلى، تەيۋەن ۋە شىمالى تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بايانات قىلىش ياپونىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ تەيۋەننى بىخەتەرلىك شەرتنامىسىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى 19 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئورتاق بايانات ئېلان قىلىپ، رايون خاراكتېرلىك ئورتاق نىشان توغرىسىدا توختالغاندا تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ياپونىيە، ئامېرىكا بىخەتەرلىك شەرتنامىسى ئىمزالانغان 10 يىلدىن بېرى، شەرتنامە مۇۋاپىق كېلىدىغان دائىرىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا جۇڭگونى غەزەپلەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «ياپونىيەنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە ۋەقە يۈز بەرگەندە» دەيدىغان مۈجمەل ئۇقۇمنى ئىشلىتىپ كەلگەن ئىدى. بىراق، بۈگۈن ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ باياناتچىسى ئېلان قىلغان باياناتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا،

«ئەتراپىدا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى ئوچۇقلاشتۇرۇلدى، كەلگۈسىنىڭ تەرەققىياتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

باياناتچى مۇنداق كۆرسەتتى: بىخەتەرلىك شەرتنامىسىگە ئاساسلانغاندا ياپونىيىنىڭ ھەقىقەتەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار پائالىيىتىنى قوللاش مۇمكىنچىلىكى بار تەپسىلاتلار يەنىلا ئىككى دۆلەت مەسىلىھەتچىلىرى كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قالدۇرۇلدى.

بايانـاتچى مۇنـداق كۆرسـەتتى: ئامېرىكـا، يـاپونىيە شـەرقىي جەنـۇبىي ئاسـيانىڭ بىخەتەرلىكىنــى ئورتــاق نــشان قىلغــان ئــستراتېگىيىلىك مەقسەتلەر كورېيە يېرىم ئارىلى بىلەن تەيـۋەننى كۆڭـۈل بۆلـىدىغان رايـونلار قاتارىغا كىرگۈزگەنـدە، بـۇ مەسـىلىگە يـاپونىيە يېقىنـدىن دىقـقەت قىلىـپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىـپ، رايـون خاراكتېرلىـك توقۇنۇشـتىن ساقلىنىــشنى ئۈمىــد قىلغــانلىقى كــورېيە يېــرىم ئــارىلى ۋە تەيــۋەننى «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»نىڭ دائىرىسىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر.

# 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى: ئامېرىكا، ياپونىيە، «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»نىڭ ئورتاق ئاخباراتىدا تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئورتاق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بېيجىڭ دائىرىلىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتى ئارقىلىق مۇنداق كۆرسەتتى: ياپونىيە، ئامېرىكا «بىخەتەرلىك شەرتنامىسى»نىڭ ئورتاق باياناتچىسى ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك، ئەگەر بايانات باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مەنپەئەتىگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزىدىكەن، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىگە بېرىپ چېتىلىدىكەن جۇڭگو ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ياپونىيىنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چېكىندۈردۇ. ئەڭ ئاخىرى ياپونىيىگە پايدىسىز، دەپ كۆرسەتتى.

## 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

«دۇنيا گېزىتى»، «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى» 18 ـ كۈنى شەرقىي دېڭىزدا رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەنلىكى، تەيۋەن بوغۇزىغا مۇناسىۋەتلىكمۇ ئەمەسمۇ؟ پىكىرلەر بىردەك ئەمەس، كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ختاي ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى «ئاسيا ھەپتىلىك ژۇرنىلى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋىر رۇسىيە بىلەن بىرلىشىپ ئەگەر تەيۋەن مۇستەقىللىققا قەدەم تاشلايدىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

موسكۋادا، خەلقئارا ئىقتىساد، سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى مىچېبىيوف مۇنداق كۆرسەتتى: بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر: جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشىنى رۇسىيىنىڭ قوللىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۇ ھەددىدىن زىيادە زورىقىقانلىق بولىدۇ. رۇسىيە بىر جۇڭگو سىياسىتىنى قوللايدۇ بىراق، تەيۋەن بوغۇزى ۋەقەلىرىگە ئارىلىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

ئامېرىكا، ياپونىيە بىخەتەرلىك شەرتنامىسى ۋاشىنگتوندا مۇھاكىمە قىلىندى. ئالتە ئايدىن كېيىن رۇسىيە ــ جۇڭگو بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

## 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» مۇخبىرىنىڭ 11 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى ئاۋسترالىيىلىك جۇڭگو ھەربىي ئىشلار تەتقىقاتچىسى ئاندىلوسىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: بېيجىڭ شىنجاڭ (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ، تىبەتلەرنىڭ ھەربىي قوراللىق ھەرىكىتى ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. تەتقىقاتچى ئاندىلوس مۇنداق كۆرسەتتى: مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە تىبەت مۇستەقىلچىلىرى ئاكتىپ قارشى تۇرىدىغان بولسىلا جۇڭگو قاباھەتلىك چۈش كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى مەخسۇس تىتونغا مەخسۇس خەۋەر يېزىپ، ئاۋسترالىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئوفىتسېر ئاندىلوس ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: نۇرغۇنلىغان تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلار جۇڭگونى مۇستەملىكىچى، دەپ قارايدۇ، ئامېرىكىنىڭ مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى 1950 ـ 1960 ـ يىللاردا تىبەت ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىگە ياردەم بەرگەن، ھازىر نۇرغۇنلىغان تىبەتلىكلەر قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئامىللار، ئۇيغۇرىستان ۋە تىبەتتە قوراللىق توپىلىڭنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى.

ئاندىلوس مۇنداق كۆرسەتتى: ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى دېموكراتىيىگە يۈزلىنىدىغانلا بولسا، بۇ رايوندا ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقنى قوغلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا بۇ ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنى مەخپىي سورۇنلار بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مىنامىيون، بومبىلار قاتارلىق قوراللار ئىزدىسە تاپقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تارقىلىپ كەتتى، بۇ قوراللار بەلكى تىبەتكە، ئۇيغۇرىستانغا ئېقىپ كىرىشى مۇمكىن.